# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى

ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى

ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن



مەلىكە ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى



مەلىكە ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى ئالدىدا



دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل
ئەھمەد مۇقام ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرمەكتە



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى
تۆمۈر داۋامەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش
مۇراسىمىدا سۆزلىمەكتە .



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن مۇقام تەتقىقاتى ھەققىدە يوليورۇق بەرمەكتە



يولداش مەھەممەت ئىسمايىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا



يولداش فېڭ داجىن مۇقام ھەققىدە سۆھبەتلەشمەكتە




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا



رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئامانىسا خانىنىڭ
قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقتا .

رەئىس تۆمۈر داۋامەت لېنتا كەسمەكتە





ئىسمايىل تىلىۋالدى قەشقەر
خەلقىگە ۋەكالىتەن چوڭ يىغىندا
سۆز قىلدى



بىر قىسىم ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر مۇقام ھەققىدىكى ماقالىلار ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكتە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى مۇھەررىرلەر «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتاب ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكتە





شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى يولداشلار «ئون ئىككى مۇقام» فىلىمىنى سۈرەتكە ئالماقتا





«ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ يەكەن يېغىنى توغرىسىدا خۇلاسە چىقارماقتا



ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا



ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا كۈچ چىقارغان قەشقەر ۋىلايىتى ۋە يەكەن ناھە-
يىسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن شۈي شاۋچىڭ، ئىسمايىل تىلىۋالدى، ۋاڭ ئەيشەن، غوپۇر ھاشىم، سېيىت قاتارلىق يولداش-
لارغا رەھمەت ئېيتماقتا

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات
تەتقىقات جەمئىيىتى

# فوندى ھەيئىتىنىڭ نىزامنامىسى

1992 - يىل ئاپرېل

十二木卡姆研究学会
维吾尔古典文学研究学会

# 基金会章程

一九九二年六月

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................

تەبرىك خەت ........ ........ ئىسمايىل ئەھمەد 1

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ تۆمۈر داۋامەت 4

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ قەييۇم باۋۇدۇن 12

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ فېڭ داجىن 23

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ ئىسمايىل تىلىۋالدى 39

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ غوپۇر ھاشىم 45

پىئونېرلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلاپ ئوقۇغان دېكلاماتسىيە شېئىرى — «بىز مۇقام شەيدالىرى» ........ 51

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ رەھبەرلىك گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 54

چوڭ يىغىندا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغانلار ........ 54

گورۇپپا يىغىنىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغانلار ........ 58

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر ........ 60

قوشۇمچە ماتېرىياللار:

ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى
مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخبارات ئېلان
قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ......... قېيۇم باۋۇدۇن 65
ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى
مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخبارات ئېلان
قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ............. فېڭ داجىن 71
ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
يەكەن يىغىنى توغرىسىدىكى خۇلاسىسى .................. 78
مۇراجىئەتنامە ..................................... 88
ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات
تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى فوندى ھەيئىتىنىڭ يەكەن
يىغىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............... 94
ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى.......... 97
ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ
نىزامنامىسى ........................................ 102
ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى 9 ـ
سانلىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ خاتىرىسى .............. 107

# مۇقەددىمە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەكەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمايىل رىياسەتچىلىك قىلدى.

گۈل دەستىلەرگە پۈركەلگەن يىغىن مەيدانىدا 200 نەپەر ئۇيغۇر، خەنزۇ پىئونېرلار ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى مەدھىيىلەيدىغان دېكلاماتسىيە ئوقۇپ، يىغىن مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى ۋە يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنى ھاياجانلاندۇردى...

ئاپتونوم رايونلۇ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ يىغىنغا بېغىشلاپ يازغان تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت مۇھىم سۆز قىلدى.

چۈشتىن كېيىن يەكەن باغچىسىدا ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخاننىڭ ھەيكەل يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇراسىمغا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئىسمايىل تىلىۋالدى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا قاتناشقان ئوقۇغۇچى، پىئونېرلار قوشۇنى «ئەجەم» مۇقامىنىڭ ياڭراق

سادىسى ئىچىدە يۈزلىگەن شار ۋە تىنچلىق كەپتەرلىرىنى كۆككە قويۇپ بەردى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم باۋۇدۇن سۆز قىلدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئامانىساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

مۇراسىمغا قاتناشقان سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە تۆمۈر داۋامەت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ، ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەتجان سادىق قاتارلىق شائىرلار ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا شېئىر ئوقۇدى. ئابلىز شاكىر، غىياسىدىن بارات، تۇنىسا سالاھىدىن، رىسالەت ھاپىز، ئوسمان ئەمەت قاتارلىق مۇقامچىلار ئالتە مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇدى. ئاتاقلىق مۇزىكانت ھۇسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا قاتارلىقلار تەڭكەش قىلدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھىنىڭ پۈتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئون نەچچە مىڭ كىشى قاتناشقان لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت لېنتا كەستى.

يەكەن دېھقانلىرى ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئىككى ئارغىماق ئات تەقدىم قىلدى.

يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى، قاغىلىق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا ئۆمىكى مەيداندا ئون ئىككى مۇقامنىڭ داستان، مەشرەپ، جۇلالىرىنى ئۈزلۈكسىز ئورۇندىغاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدىن تەشكىل قىلىنغان 3 يۈز كىشىلىك ساما دۈيى ئۇيغۇر ساما ئۇسسۇ-

لىنىڭ ئەنئەنىۋى ماھارىتىنى تەنتەنە قىلدى. تۆمۈر داۋامەت، قېيۇم باۋۇدۇن قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار ۋە بىر قىسىم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ساما دۈيىگە قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلق ساما ئۇسسۇلىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ مەيداننى شادلىق تەنتەنىسىگە چۆمدۈرۈۋەتتى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ چوڭ - كىچىك يىغىنلار بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنلارغا مۇھەممەت ئىمىن يۇسۇپ، قەييۇم تۇردىلار رىياسەتچىلىك قىلدى. چوڭ يىغىندا 25 پارچە، گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا 51 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. يىغىن ئىلمىي پوزىتسىيە، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئېچىلغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل ئوخشىمىغان پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول قويۇلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ 67 پىرسەنتىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر؛ بىر قىسمىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار تەتقىقات خادىملىرى ئىگىلەيدۇ.

چوڭ يىغىندا ئوقۇلغان 25 پارچە ماقالە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلدى. قالغان ماقالىلەردىن بىر قىسمىنى تاللاپ ئىككىنچى توپلامغا كىرگۈزۈش قارار قىلىندى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 2 - قېتىملىق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قېيۇم باۋۇدۇن خۇلاسىلىگەندەك «ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغان، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە تولغان كاتتا يىغىن بولدى؛ شۇنداقلا، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى؛ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ئالغا بېسىش يىغىنى بولدى. يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى...»

بۇ توپلامنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە ماتېرىيال سۈپىتىدە بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارمۇ قوشۇپ قويۇلدى.

## 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلاپ يېزىلغان خەت

ئىسمايىل ئەھمەد

(مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،
دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا:

ئالدى بىلەن مەن ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار ۋە دوستلارغا سەمىمىي تىلىكىمنى بىلدۈرىمەن!

ئون ئىككى مۇقام ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ يارقىن مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئاجايىپ زور سەنئەت مۇۋەپپەقىيىتى، مول ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولدى، شۇنداقلا، تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنى ئارقىلىق ياراتقان سەنئەت دۇردانىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت سەنئىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسى، پارلاپ تۇرغان، مەڭگۈ ئۆچمەس سەنئەت مەشئىلى. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ، شۇنداقلا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە مەنسۇپ. ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى چوڭ

ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىستىقباللىق بىر ئىش.

ئون ئىككى مۇقامنىڭ پەيدا بولغىنىغا بىر نەچچە يۈز يىل بولدى. ئۇ ئالاھىدە ئىجادچانلىق ۋە تارقىلىشچانلىق شەكلىگە ئىگە. ئۇنىڭ مىللىيلىكى، ئاممىۋىلىقى ۋە سەنئەتچانلىقىنىڭ مۇكەممەل بىرىكىشى بىزگە ھەر جەھەتتىن ئىلھام بېرىدۇ. بىز ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئارقىلىق مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قويۇق مىللىي مەدەنىيەت زېمىنىدا، بۈگۈنكى بۇ ئۇلۇغ دەۋردە، يېڭى، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يارىتىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

مەدەنىيەت بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىخ ئېقىمىنى ھەقىقىي تۈردە خاتىرىلەيدۇ، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئون ئىككى مۇقامدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى، تالانتىنى ۋە تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن سۆيگۈسىنى، سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى ھەقىقىي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆرەشكەن پارلاق ئىزلىرىنى ۋە ياراتقان تەسىرلىك، ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ تەرىپى مەڭگۈ قەدىرلەشكە ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. بىز ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئارقىلىق، مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا تۆھپە يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئۇن ئىككى مۇقامنىڭ ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى تىرەن. كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئۇن ئىككى مۇقامنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ كەڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىتتىپاقلىقتا ھەمكارلىشىپ، ئورتاق ھالدا، ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلىم-پەننىڭ دۆلەت چېگرىسى يوق. سەنئەتنى بىپايان بوشلۇقتا پەرۋاز قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. ھازىر ئۇن ئىككى مۇقام دۇنياغا قاراپ يۈزلەندى. نۇرغۇن چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقاتىغا كۆڭۈل بۆلمەكتە ھەمدە بۇ جەھەتتە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ ۋە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق ھالدا بۇ «شەرق مۇزىكا جەۋھىرى»گە بولغان تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئەمما مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۇن ئىككى مۇقام» پەيدا بولغان مۇشۇ زېمىندا، تەتقىقات خىزمىتى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇشى، تەتقىقات نەتىجىلىرى دۇنيانىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىدە تۇرۇشى كېرەك.

ئاخىرىدا، مەن يەنە بۇ قىممەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پات ئارىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىر قىممەتلىك ئەمەلىي تەييارلىقى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مۇھاكىمە يىغىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاي! مۆھتەرەم ئالىملىرىمىز ئۇن ئىككى مۇقام تەتقىقاتىدا يېڭى بايقاش، يېڭى نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز ۋۇجۇدقا چىقارغاي!

1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

تۆمۈر داۋامەت

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبىي جۇڭگودا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، قايىنام - تاشقىنلىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە ئاتلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن

ھەم يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان
ئون ئىككى مۇقام ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-
پاراستىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ
پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل
بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت
زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى،
شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، شۇنداقلا ئۇ
جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بىباھا مىراس
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي ھۇزۇر ئېلىش
ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا فوند جەمئىيە-
تىنىڭ مەسلىھەتچىسى، پروفېسسور ئاندىرسون ئەپەندى:
«شىنجاڭ — ئاسىيا قىتئەسى مۇزىكا بايلىقىنىڭ بۆشۈكى، ئۇي-
غۇرلارنىڭ مۇقامىدەك چوڭ تىپتىكى مۇقاملار باشقا يەردە
مەۋجۇت ئەمەس» دېگەنىدى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام-مەشرەپ
دىيارى»، «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى». ئۇ ئۇزاق مىللىي مەدەنى-
يەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە. قەدى-
مىي، پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىسى، ئۇيغۇر سەن-
ئىتىنىڭ گۈل تاجىسى ھېسابلانغان ئون ئىككى مۇقام
قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي
ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنى
ئىجتىمائىي ھەققانىيەتكە تەلپۈنۈشكە، پاك مۇھەببەت،
گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇ-
رىدۇ. ئۇ مەزمۇن، شەكىل، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىل-
مىيلىقى، ئاممىۋىيلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى،

خىلمۇ خىللىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشىپ يۈكسەك ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ئەخلاق ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن مۇكەممەل ئىلمىي سەنئەتلىك رولىنى، شۇنداقلا مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ئون ئىككى مۇقام ئەلنەغمە، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە، يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ - قىيىن ئۇدار - رىتىمچانلىققا ئىگە غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا بايلىقى. ئون ئىككى مۇقام 12 پارچە مۇزىكا قامۇسىدۇر. ھەر بىر مۇقامنىڭ ئۆزى ئۆزگىچە كۈي شەكلى ۋە خىلمۇ خىل ئاھاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئون ئىككى مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەنىدى. تارىختىن بۇيان فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ، مۇقامچىلار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەن، شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە ئون ئىككى مۇقامنى بىر قەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى، ئۈچ نەپەر ياشانغان مۇقامچىلارلا قالغان بولۇپ، ئون ئىككى مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا ئون ئىككى مۇقام يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن ۋە روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىقلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ۋارىسلىق قىلىپ ئېيتىپ ساقلاپ ئون ئىككى مۇقامنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلدى. سەنئەتكارلىرىمىز، ئالىملىرىمىزنىڭ 41 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشى، ئىشلىشى ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، لېنتىغا ئېلىش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبىلىك تاماملاندى. بۇ جەھەتتە ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن بارلىق يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يەنە بىر شانلىق نەتىجە. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئېلىمىز خەلقىنىڭ كلاسسىك مىللىي سەنئەت ساھەسىدىكى غايەت زور زەپەر تەنتەنىسى.

مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈش خىزمىتىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى. «چەپبايات» مۇقامى 1986 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ئاۋازى مۇزىكا كېچىلىكى»گە، 1987 - يىلى 7 - ئايدا ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى»غا، 1988 - يىلى 10 - ئايدا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 -

قىتئەلىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى»غا قاتنىشتۇرۇلۇپ، ھەممىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ئىچىدە كۆپ قېتىم ئورۇنلىنىپ، قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى 37 خىل گېزىت ـ ژۇرنالدا 150 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە ئوبزور ئېلان قىلىنىپ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

مۇقام تەتقىقاتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي بەدىئىي مىراسى، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان جانلىق مۇزىكا بايلىقى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن ۋە كۈچلۈك تەتقىقاتچىلار قوشۇنى شەكىللەنمەكتە. «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەخسۇس كىتابلار ۋە يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرى نەشىر قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بىر مۇساپىگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتى تاماملانغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك مۇقاملارنى توپلاش، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. مۇقام تەتقىقاتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا. شۇڭا بىز ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىمىزنى

هازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز، يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن خۇرۇچ قىلىشىمىز، مۇقامنىڭ ئېسىل ئامىللىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى زامانىۋىيلىق يولىغا باشلاپ، مىللىي روھىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، مىللەتنىڭ مەرىپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز، مۇقامنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلىپى بويىچە، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىستېتىك ئېڭى ۋە ھۇزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۇلار ياقتۇرىدىغان، دەۋر روھىغا باي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

مۇقامنى تەتقىق قىلىش ئەمگىكى بىر خىل پەۋقۇلئاددە مەنىۋى ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا، بولۇپمۇ شەخسلەرنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ خاتىرجەم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن مۇقىم، ئىتتىپاق، دېموكراتىك ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ھۆرمەتلىشى، چۈشىنىشى

ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى. ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە
سۆھبەتلىشىشنى كۈچەيتىشى ھەم ئۇلارنىڭ پىكىرىگە قۇلاق
سېلىشى لازىم. مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار تەتقىقاتنى تىرىشىپ
چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى جارى
قىلدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى، خەلقئارادىكى ئىلمىي مۇنا-
كىمە ساھەسىدىكىلەر بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش ۋە
ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى، تەتقىقاتتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى
يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى
مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىش-
تۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، ھەر خىل خەلقئارالىق يىغىن-
لارغا قاتنىشىشى، ئون ئىككى مۇقامنى تەشۋىق قىلىش ۋە
تونۇشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم، سەنئەت-
كارلار ئون ئىككى مۇقام ئاساسىدا كۆپلىگەن نادىر سەنئەت
ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مەملىكە-
تىمىزگە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشى لازىم.

تارىختىن بۇيان شېئىرىيەتنى ئاساسىي بەلگە قىلغان ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى ئون ئىككى مۇقام بىلەن چەمبەرچەس
باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ، شېئىرىيىتىمىز مۇقام ئۈچۈن
تېكىست، مۇقاملىرىمىز شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ئاھاڭ بولۇپ
كەلمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى
مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى 8 - بەش يىللىق پىلان
ئىچىدە ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق تېكىستى، نوتىسى بىلەن
قايتا نەشر قىلدۇرۇش، بىر - بىرلەپ سەھنىلەشتۈرۈش،
تېلېۋىزىيىگە، كىنوغا ئالدۇرۇش، ئون ئىككى مۇقام توغرى-
سىدا 26 پارچە تەتقىقات كىتابى نەشر قىلدۇرۇش، مۇقام

تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنى ئىلمىي سىستېمىغا سېلىش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن «مۇقام تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىش، كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىن 30 تومنى نەشر قىلىشنى پىلانلىدى. بۇ مۇقام تەتقىقاتى جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يولىدا تاشلانغان غالىب قەدەم، كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش يولىدا ئىشلىنىدىغان، قالتىس تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىلمىي، ئىجادىي خىزمەتتۇر! ئالىم مۇتەخەسسىلەرنىڭ، ياش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئۇ ئىشقا ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز


**قېيۇم باۋۇدۇن**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى)


يولداشلار:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە بەش كۈن داۋام قىلىپ، بۈگۈن ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغان، كۆڭۈل ئازادىلىككە تولغان ئاتتا يىغىن بولدى؛ شۇنداقلا، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى؛ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق ئالغا بېسىش يىغىنى بولدى. يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپچىلىكنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئوبدان ئۆتكۈزۈلۈشىگە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم-

نىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلىياڭ ئۇون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى توغرىسى-دىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەت-لىرىگە دائىر چوڭ - چوڭ ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى تۇتتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمايىل ئەھمەد تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ يىغىنغا بولغان ئۈمىدىنى بىلدۈردى، يولداش فېڭ داجېن يەكەنگە ئالاھىدە كېلىپ ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىلەن بىللە بولۇپ، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە ۋەكىللەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ۋە چوڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ مۇھىم سۆزى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى شەرھە-يىلەپ، كۆپچىلىككە زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى، بۇلار بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىزنىڭ كاپالىتى بولدى.

مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى يولداشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان سۆزىنى قوبۇلنامە قىلىپ ھەمدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئاچقان 2-قېتىملىق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ

روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە
ۋارىسلىق قىلىش فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى
قۇتقۇزۇۋېلىش، توپلاش، رەتلەش، نوتىغا، قاپلىق
لېنتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش ۋە تەتقىقات جەھەتتە قولغا
كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەرنى كەڭتاشا سۆزلىدى. تەجرىبە-
ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى. بولۇپمۇ شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز
كېرەككى، نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن ئەمەلىي كۆزىتىش
توغرا بىرلەشتۈرۈلدى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر يېزا-
كەنتلەرگە، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، كەڭ دېھقانلار،
ئەلنەغمىچىلەر ۋە مۇقام ئىشقىۋازلىرى بىلەن يۈز كۆرۈش-
تى. شۇنداقلا، مۇقام ئۇستازى ئامانىسساخان ھەيكىلىنىڭ
يوپۇقىنى ئېچىش، ئامانىسساخان قەبرىگاھىنىڭ پۈتكەنلىكى
مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا
قاتناشتى ۋە ئون ئىككى مۇقام چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆر-
گەزمىسىنى كۆردى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۆتكۈزگەن
كاتتا مەشرەپكە قاتناشتى. بولۇپمۇ يەكەن ناھىيىلىك سەن-
ئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، قاغىلىق ناھىيە-
لىك سەنئەت ئۆمىكى، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى»
سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان مۇقام ھەققىدىكى ئەدەبىيات-
سەنئەت نومۇرلىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنى زور دەرىجىدە
ئىلھاملاندۇردى.

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز يىل ئاخىرىدا بېيجىڭدا
ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق جۇڭگو ئۇيغۇر

ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئوبدان ئاساس سالدى. يىغىن جەريانىدا 70 كە يېقىن ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتۈشتى، ئوقۇلغان ماقالىلەرنىڭ سانى كۆپ، تېمىسى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولدى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، 1-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق تەتقىقاتچىلار كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپ بولدى. شۇنداقلا، ماقالىلەرنىڭ سەۋىيىسى، ئىلمىيلىق دەرىجىسىمۇ نىسبەتەن يۇقىرى بولدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇقام تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئوبدان بىر باشلىنىش بولدى.

II. بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا: يىغىن روھىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ جۈملىدىن ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى، نىشانى، فاڭجېنى، كونكرېت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇھىم يوليورۇق بەردى. يولداش فېڭ داجېن مۇھىم سۆز قىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتلىرىمىز، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارماقلىرى، ھەر قايسى جايلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، گەپنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىي ئىجراسىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە مەن يەنە كونكرېت توختالمايمەن.

دەۋر روھى ۋە تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى

بىلەن تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت خىزمىتىدە يېڭى بىر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پورسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا بەرگەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ ئەۋزەللىكلىرىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىشلەشكە، بۆسۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېقىنقى يولىيورۇقىنى، 10 يىللىق ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا بىر قەدەر ئىشەنچلىك ۋە كەڭرى ئاساسقا، چوڭقۇر ئىلمىي نەتىجە قىممىتىگە ئىگە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشىمىز ھەمدە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇنى دەۋر روھى بىلەن سۇغىرىپ، تېخىمۇ كۆپ ۋە ياخشى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە بىرقەدەر چوڭراق يۈكسىلىشنىڭ بولۇشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىدە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، يولداش جياڭ زېمىن «جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. يېتەكچى ئىدىيىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ»

دەپ كۆرسەتتى. بۇ ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارىشىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق فېئودالىق، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيە، چىرىك مەدەنىيەت، چىرىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يامان تەسىرىنى تازىلاپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، سىياسىي يۆنىلىشى بىردەك بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، ئەمەلىيەتكە، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆزىمىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى داۋاملىق كېڭەيتىشكە، بىلىم ئاساسىمىزنى مۇستەھكەملەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم.

2. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات خىزمىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قاراش لازىم. باشقا ھەرقانداق ھادىسىلەرگە ئوخشاشلا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ پەيدا بولۇش، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش، سىستېمىلىشىش-مۇكەممەللىشىش باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ئۇ مەلۇم بىر تارىخىي جەرياندىكى سەكرەش ئەمەس، ياكى مەلۇم بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس؛ مۇشۇنداق ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياندا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ئەلۋەتتە كۆپ بولۇشى، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كەڭ بولۇشى مۇمكىن. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى بىر پۈتۈن تارىخىي جەريان ۋە باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئاجرىتىۋەتكەندە، بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ياكى

بىر خىل سەنئەت تۈرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆزۈۋې-
تىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىن بىرى
مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت-سەنئەت يادىكارلىق-
لىرىمىزغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى بىلەن
قارىشىمىز لازىم.

3. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى
تارىخىي تەتقىقات جەريانىدا باشقا بىر مىللەتنىڭ، ھەتتا
باشقا مەملىكەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن
مەلۇم دەرىجىدە باغلانغان، ئوخشاش بولمىغان دائىرىدە ئۆز-
ئارا تەسىر كۆرسەتكەن، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى،
ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى،
ئۇسلۇبى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن ئىجادىي قوبۇل قىلغان
ۋە ياكى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن،
بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.
باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئورتاق بايلىق
دەپ بىلگەن. ئۆتمۈشتە شۇنداق بولغانىكەن، ھازىرمۇ
شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇنى تارىخىي ماتېرى-
يالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت
جەھەتتىكى ئىلغارلىقنىڭ ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭچە،
بېكىنمىچىلىك مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن
زىيانلىق، بىز مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى
ھەمكارلىقى، ئۆزئارا ئۆگىنىش، مۇنەۋۋەرلىرىنى، جەۋھەر-
لىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبىنى ئاساسەن قوبۇل
قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. باشقا دۆلەتلەرنىڭ
مەدەنىيىتى ئىچىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى دەپ
قارالغان ئىلغار ئامىللارنىمۇ ئىجادىي رەۋىشتە ئۆگىنىشىمىز
كېرەك. قىسقىسى، مەدەنىيەت ساھەسىدە مەملىكەتكە يۈزلى-

نىش، دۇنياغا يۈزلىنىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرەققىيات يولى، بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى چىرىك نەرسىلەر، ساختا نەرسىلەرگە داۋاملىق قارشى تۇرۇشىمىز، ئۇنى قەتئىي چەكلىشىمىز كېرەك.

4. بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتىكى تەتقىقاتنى چىڭ تۇتۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت خىزمىتىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىنىڭ مېۋىلىرىنى كېڭەيتىش، ئۇنى ھەممە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ تەتقىقات قىلىشتىكى مەقسىتىمىز، ئىجاد قىلىش، كېڭەيتىش، خەلق ئاممىسىغا بېرىش، بىزدە ھازىر بۇ ئىككىلا تەرەپتە قىلىدىغان ۋەزىپىلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ، بۇ ھەقتە مەنبە كۆپ، زېمىن كەڭ، بۇ مەسىلىنى ئىشلەشتە قۇرۇق گەپ، قۇرۇق ئىنكاس، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىۋېلىشتەك ناچار ئىستىللارغا يول قويماسلىق كېرەك.

5. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاش كېرەك. ۋارىسلىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ھۆرمەت قىلىش، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلادقا بىباھا بايلىق سۈپىتىدە قالدۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسى، ۋارىسلىق قىلغۇدەك نەرسە بولمىسا، تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ بولمايدۇ. تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋارىسلىق قىلىشنىڭ داۋامى، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا يەنى ۋارىسلىق

قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش: مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئېقىملىرى كۆپ خىللاشقان، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى كاپالىتى ۋە توغرا يولىدۇر.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت خىزمىتىدە توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئەخلاقىي - پەزىلەت ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم پارتىيىمىزنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەمدە ئەدەبىيات سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»، «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»، «ئۆتمۈشتىكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»، بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئېچىۋېتىش جەھەتلەردىكى ياخشى نەتىجىلەرنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، قەدەممۇ قەدەم ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش يولىدىكى تاشلانغان چوڭ قەدەم، ھەر مىللەت كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئالدىدا قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي بۇرچى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى رېئال كونـ

كرىت، جىددىي ۋەزىيە. تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ، ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشچانلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىپ، دادىل ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى ئۈستۈرۈش، ئەقلىي، ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۈستۈرۈش ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ مۇھىم ھالقا. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەقتە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تەلەپ، ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن يۇقىرى ۋە جىددىي بولماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «ئىككى قولدا تۇتۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ فاڭجېن، نىشان، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ ھالقىلىق، زور بىر بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىردى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى قاراشتىكى مۇقەررەر تەرەققىيات يۆنىلىشى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ئىلھاملاندۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق مەركىزىي ۋەزىپىلەرنىڭ غەلىبىلىك ئەمەلگە ئېشىشىغا خىزمەت قىلىشنى، جان دىل بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلغانىدى. ئۆتكەندە شۇنداق بولغان، ھېلىمۇ

شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شەك ـ شۈبھىسىز شۇنداق بولىدۇ، نۆۋەتـ
تە ئۇن ئىككى مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق
ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرلىرىدىكى بولغان تەتقىقات خىزمىتىنى
تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، بۇ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ
ئىككىلا تەرىپىگە ئېتىبار بېرىشنى تەكىتلەپ، بىرگە
سەل قاراش، بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىرىنى ئىنكار
قىلىش خاھىشلىرىدىن ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز
لازىم.

6. تەتقىقات قوشۇنىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.
ئوتتۇرا ياش، ياش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ پېشقەـ
دەم ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ تەتقىقات خىزمەت شارائىتىـ
نى ياخشىلاپ بېرىشكە ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈـ
شىمىز لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن، ئون ئىككى مۇقام، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات
تەتقىقاتىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېخىمۇ چوڭ
تۆھپىلەرنى قوشۇشى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ، ھەر دەرىجە
لىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ماددىي مەنىۋى، جەھەتتىن قول
لاپ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

فېڭ داجېن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

يولداشلار:

بۈگۈن «ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئون ئىككى مۇقامنىڭ يۇرتى، مۇقامنىڭ دەۋربۆلگۈچ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر تارىخىي شەخس ئامانىسساخان بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان جايدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. مەن بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلار بىلەن بىرلىكتە بۇ قېتىمقى تەنتەنىلىك يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن.

1 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بۇيان ئۈچ يىل ئۆتتى. بۇ ئۈچ يىلدا، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر ۋە تەرەققىياتلار بولدى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان، خەلقئارادىكى ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت ئاستىدا، سوتسىيالىزم ئىشلىرى دۇنيا

مىقياسىدا قاتتىق سىناقنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. پارتىيىمىز
ئىلگىرىكىدەكلا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، قەت-
ئىي تەۋرەنمەستىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ئۈستىدە دا-
ۋاملىق ئىزدەنمەكتە. بۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارى-
خىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. شۇنداقلا بىزنىڭ ئىسلا-
ھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىمىزنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، كۈچ-
نى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشىد-
ىمىزدىكى توپ يۆنىلىشىمىز ۋە نىشانىمىزدۇر. شۈبھىسىزكى،
ئىلىم ۋە سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت مەدەنى-
يىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش باش ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەلۋەتتە
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ توپ يۆنىلىشتىن
ئايرىلالمايدۇ. بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى،
يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتى-
تىكى سۆزى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا، ھەر مىل-
لەت زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كۆپچى-
لىك نىشانىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق بولغانلىقىنى، تونۇشىنىڭ تې-
خىمۇ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى، ئىشەنچىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەن-
لىكىنى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېخىمۇ
چوڭ ئېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ
پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت
ئاساسىي لۇشيەنىنى تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەش-
تۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا ئېلان
قىلغان ئىنتايىن مۇھىم سۆزى نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇ-
لۇشتا، پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىنى ياخشى ئېچىشتا ئىنتايىن

مۇھىم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆت-
كۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم،
چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئىدىيە، نەزەرىيە سېپىدە
ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان
يولداشلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈر-
گەندە قىلغان سۆزدىكى «ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش»،
«ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا تۆت
ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش»، «مارك-
سىزم-لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرىنى، ئەسقاتىدىغىنىنى ئۆگىنىش»،
«ماركسىزم-پەن»، «جۇڭگودا ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش،
لېكىن ئاساسلىقى ‹سول› چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش»قا
ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى مۇكەممەل باياني-
لىرىنى قايتا-قايتا ئۆگىنىشى، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ۋە
خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئىزچىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى-
نىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي پارتىيە
مەكتىپىدە قىلغان سۆزى تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا،
سەنئەت تارىخى ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا يېتەكچى-
لىك قىلىشقا، مىللىي مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەن-
دۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا تامامەن مۇۋا-
پىق كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەلۋەتتە، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مۇقام
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولىدۇ.
بىز بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق، ھەم ئۈچ
يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقام تەتقىقاتى ساھە-
سىدە قولغا كەلتۈرگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆزدىن كە-
چۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىمىز، ئالماشتۇرۇشىمىز، ھەم
ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشتەك ئىلمىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، پا-

ئال، ئۈنۈملۈك مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىيلىق سەۋىيىسىنى بىر يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

ئون ئىككى مۇقام مەركەزلىك ۋەكىللىك قىلىنغان شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام نەغمە-ئۇسسۇل سەنئىتى — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەغمە-ئۇسسۇل خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپە. مۇقام نەغمە-ئۇسسۇل سەنئىتى نەغمە، ناخشا، ئۇسسۇل ۋە ئەدەبىياتنى بىر گەۋدە قىلغان بولۇپ، ئاھاڭى بىرلىككە كەلگەن، ئۈزلۈكسىز سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن. ئاھاڭغا باي، قۇرۇلمىسى پۇختا، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئون ئىككى مۇقام يۈكسەك يۇقىرى سەنئەت سەۋىيىسىگە يەتكەن؛ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ تارىخنىڭ تاۋلىشىدىن شەكىللەنگەن سەنئەت جەۋھىرى دەپ ئاتالماقتا، ئون ئىككى مۇقام چوڭ تىپتىكى كىرىشتۈرمە شەكىلدە ئىپادىلىگەن غايەت زور كۆلەم ۋە كۆرۈنۈش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىدە ئۆز ئالدىغا بايراق تىكلەپ، ئىنتايىن روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتكۈل شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدە، ھەتتا دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدىمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

ئون ئىككى مۇقام نەغمە-ئۇسسۇل سەنئىتى ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرى، قەدىمكى خەلق مۇزىكىلىرى ۋە قەدىمكى ناخشىلار ئاساسىدا، نۇرغۇن مۇزىكانتلار، شائىرلار ۋە خەلق نەغمىچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىشى، پىششىقلىشى ۋە قايتا ئىجاد قىلىشى ئارقىلىق، باشقا مىللەتلەرنىڭ يېقىملىق مۇزىكىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ۋە سىڭدۈرۈش بىلەن بىرنەچچە مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ شەكىل-

لەنگەن. شۇڭا ئۇ كەڭ خەلقچىللىققا ۋە ئاممىۋىيلىققا ئىگە.
مۇقام نەغمە - ئۇسسۇل سەنئىتى گەرچە فېئوداللىق جەمئىيەتـ
تە شەكىللەنگەن ۋە مۇقىملاشتۇرۇلغان، تارىختىكى ھۆكۈمران
سىنىپلارنىڭ بەزى داڭلىق تارىخىي شەخسلىرى ۋە بەزى
كەسىپىي مۇزىكانتلار ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدـ
ۇرۇشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، لېكىن مۇقام مۇزىـ
كا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ كەڭ تۇپرىقىنى كەڭ نامرات دېھقانـ
لار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ياراتقان، ئۇلار جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى
ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا خەلقنىڭ
ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇلار ئىجاد قىلغان
ئاھاڭ ۋە رىتىم قاتمال ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىگە ئاز ئۇچرىغانلىقتىن
تېخىمۇ مول ئىجادىيلىققا ئىگە. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى
سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ئارقىسىدا ئەمگەكچى خەلق
ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە روشەن، ئاددىي - ساددا،
مۇھەببەت - نەپرەت ھېسسىياتىنى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان
غايىسىنى سىڭدۈرۈپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ رەزىل قىياپىتىـ
نى قامچىلاپ، نەغمە - ئۇسسۇل سەنئىتىگە مەردانە، جۇشقۇن
تۈس بېرىپ، جاسارەتلىك قىياپەتنى ئىپادىلىگەن. دەل مۇـ
شۇنداق بىر نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، بىز ئۇيغۇر مۇقام نەغمەـ
ئۇسسۇلى ئەكس ئەتتۈرگەن جۇڭخۇا ئېلىنىڭ كۆپ مىللەتلىك
مەدەنىيىتىدىكى كەڭ ھەم چوڭقۇر خەلقچىللىققا يۈكسەك باھا
بېرىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقام نەغمە - ئۇسسۇل سەنئىتى قەدىمكى
غەربىي دىياردا، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا بارـ
لىققا كەلگەن، تەرەققىي قىلغان ۋە يېتىلگەن. قەدىمدىن
تارتىپ شىنجاڭدا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى،

مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلدا ئالاھىدە تالانتىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار ئىجاد قىلغان ياپپان نەغمىسى، كۇسەن نەغمىسى، ئىدىقۇت نەغمىسى، سۇلى نەغمىسى، ئۇدۇن نەغمىسى، ئىۋىرغول ئايىمقى نەغمىسى قاتارلىقلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پارلاق سەھىپە قالدۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ كۇسەن نەغمىسى ئېلىمىزنىڭ نەغمە سەنئىتىگىلا ئەمەس، بەلكى سۇڭ سۇلالىسى شېئىرلىرى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نەغمىلەر، ھەتتا تىياتىر - ئەلنەغمىلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئەنئەنىسى ئاساسىدا، مۇشۇ مۇنەۋۋەر مۇزىكىلارغا ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى مۇزىكىسى، ھىندىستان مۇزىكىسى ۋە پارس - ئەرەب مۇزىكىلىرى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئىنتايىن مول ھەم كۆپ خىل مۇزىكا لېكسىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنتايىن يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە مۇقام نەغمە سەنئىتىنى پەيدىنپەي ياراتقان. شۇڭا، بىز مۇقام نەغمە - ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىلىملىكلىكىنى، باشقىلارنىڭكىنى ئەينەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك ئاجايىپ مەدەنىيەت ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى، ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىنى بېيىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن دېسەكمۇ بولىدۇ. مۇقام نەغمە - ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇيغۇر خەلقىنى گەۋدە قىلغان قەدىمكى غەربىي دىيار ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى، ھەتتا باشقا ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ قىممەتلىك جەۋھىرى،

ئۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىللىتى نىڭ كەڭ كۆكسى ـ قارنى ۋە ئېچىۋېتىلگەن مەدەنىيەت روھىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بەردى.

ئون ئىككى مۇقام جۇڭخۇا مىللىتى مەدەنىيىتىدە شۇنچە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغانىكەن، ئۇنداقتا، مۇقامنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كەڭ ئىستىقبالغا ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ئۇ بىزنى بۈگۈنكى كۈندە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ئىلھام بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇيغۇر مۇقامىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور تارىخىي نەتىجىلەر ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ بىر ئورتاق قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى، يەنى ھەرقانداق بىر ئېسىل مەدەنىيەت مەۋقەنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قويۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئېچىۋېتىلگەن سىستېما بولۇشى كېرەك. بۇ سىستېما بارلىق ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشكە جۈرئەت قىلىشى، چەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەينەك قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشى، ئۆزىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. رايون ۋە مەدەنىيەت پىسخىك جەھەتلەردە بېكىنمىچىلىك قىلغاندا، ئېسىل مەدەنىيەت ياراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاش ئاساسىدا،

مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈ-
شىنىش ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇر-
سىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈ-
شىمىز كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پائال تۈردە
چەت ئەلنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى
تولۇقلىشىمىز، راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئۇ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇمىز ۋە
مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىزگە پايدىلىق.
بۇ خىل مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىرلا مىللەتنىڭ
ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا ئېلىدىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ
ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، بۇ خىل مەسئۇلىيەتچانلىقمۇ بىرلا
مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
مەسئۇلىيەتچانلىقىدۇر. ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنى تىرىشىپ
جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى
ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيەت نەزەرىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئەمەلىيىتى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئارىسىدا يېڭى ئىجادىيەت
ئېڭى ۋە قۇرۇش ئېڭى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى مىللىي مەدە-
نىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىگە قارى-
تا ئىسلاھات روھى بىلەن ئاڭلىق مۇئامىلە قىلىش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلدى. خۇددى مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخى
XⅥ ۋە XⅨ ئەسىردىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم باسقۇچتا
ئىپادىلەنگەنگە ئوخشاش ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەنى-
مۇ جارى قىلدۇرۇلۇشى كونا ئىدىيە، كونا كۆز قاراش، كونا
قائىدە-يوسۇنلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئارقىلىقلا ئەمەل-
گە ئاشىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، مۇقام تەتقىقاتىمىز ھەرقاي-
سى مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە «كونىلىرىنى چىقى-

رىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتىش» نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېسىل مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ مىللىي مۇزىكىنىڭ ئىستېتىك جەھەتتە تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا، جەمئىيەتتە ئىجابىي، ساغلام تەسىر پەيدا قىلىشقا پايدىلىق. ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مىللىي مۇزىكىغا بولغان ئىستېتىك قىممىتى تونۇشىنى ۋە ئىستېتىك ھۇزۇر ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مۇزىكا ئەنئەنىسىنى رەسمىي مۇزىكا ۋە ساغلام ئاممىباب مۇزىكىلار بىلەن بىرلىكتە كاپىتالىزمنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىدىكى چۈشكۈن، قوپال، رەزىل مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى چەكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە جەمئىيەتنى ئىلمىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ۋە مەدەنىي ئارام ئېلىش بىلەن تەمىنلەش، ھەقىقىي ئىستېتىك ھۇزۇر ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلىنىش ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش رولىنى ئويناش كېرەك. بولۇپمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋەتكەن بىر ئىقتىسادىي رۇجىكىلا ئەمەس، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە، ئىقتىسادىي سودىنىڭ يەنىمۇ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تارىختا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتى جەم بولغان جايغا ئايلىنىدۇ. يېڭى دەۋردىكى مۇشۇ «يىپەك يولى» دا ئەتراپلىق بىلىم توپلاپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، دۇنياغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەدىمكى مە-

دەنىيىتىنىڭ يېڭى سالاپىتىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىشتا ئەلۋەتتە مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئازاد بولغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى خادىملىرى مۇقامنى قۇتقۇلدۇرۇش، رەتلەش، نەشىر قىلىشتىن تارتىپ سەھنىلەشتۈرگىچە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، زور نەتىجىلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردى، لېكىن بىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزنى مۇقام چاچقان نۇر بىلەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى بىلەن، ئامىنىڭ تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق تېخى ناھايىتى چوڭ. مۇقام شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا بارلىققا كەلگەن، بىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيىمىز ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز ھەمدە پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇقام تەتقىقات سەۋىيىمىزنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلگىرىكى مۇقام تەتقىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەردىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبىگە ئاساسەن، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، يىغىنچاقلاپ تۆت تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

بىرىنچى، مۇقام تەتقىقاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم مۇنداق دەپ قارايدۇ: مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئىنسانلار ياراتقان نۇرغۇن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرى، ئىنسانلارنىڭ نەغمە - ئۇس-

سۇل سەنئىتى پائالىيىتى ئارىلاشما جەمئىيەت مەدەنىيىتى ھادىسىسىدىكى بىر مۇھىم ئامىل، ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ پائالىيەتلەرمۇ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانلار جەمئىيىتى تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى، ئۇنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئىرادىسى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنى تەتبىق قىلىشى ئىپادىلەنگەن، ھەم سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئىنتىلىش ۋە ئارزۇ، ئىرادە ۋە تەلپۈنۈشلەر ئىپادىلەنگەن. بۇ مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ئەدەبىيات بىر گەۋدە قىلىنغان مۇقام نەغمە-ئۇسسۇل سەنئىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقام نەغمە-ئۇسسۇلىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە بولغان تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشتا، ماركسىزملىق ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلماي بولمايدۇ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش ئارقىلىق مۇقام نەغمە-ئۇسسۇلى چېتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان تارىخىي، ئىجتىمائىي، مىللىي، دىنىي مەسىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە تونۇش، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، تارقىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈش كېرەك. بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلىرىمىزدىن ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى داۋاملىق پىششىق بىلىشىنى، ماركسىزمنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى، «ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرىنى، ئەسقاتىدىغىنىنى ئۆگىنىش»نى تەلەپ قىلىدۇ. بىز چوقۇم ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى شەرھىلەش، يېڭىلىق يارىتىپ تە-

رەقىقىي قىلدۇرۇشقا ئوخشاش چوڭ-چوڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، مۇقام تەتقىقاتىدا «قەتئىي ئىلمىيلىق» پرىنسىپىغا چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى. كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئىگىلەش، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش — ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئەقەللىي تەلىپى. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا بەزى ۋاقىتلاردا تەبىئىي ھالدا كۈچلۈك مۇنازىرە تۈسى كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بارلىق نەزەرىيىنىڭ ئابستراكتلىقى، ئەمەلىيەتتە، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇنلىغان تېمىلار ئاساسەن تارىخ، ئىلىم-پەن ئاساسىدىكى دەلىللەش تەتقىقاتى ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئېنىق، خاتاسىز تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندىلا، ئاندىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدا بىز دائىم مۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرايمىز: ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئوبيېكتىپ پاكىتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەمىشە بىزنىڭ ئوبيېكتىپ ھېسسىياتىمىزغا، ئوبيېكتىپ ئارزۇيىمىزغا ۋە ئوبيېكتىپ ئىرادىمىزگە بويسۇنمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، بىر ئۈزۈل-كېسىل ماتېرىيالىزمچى بولغان كىشى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشى، ئىلمىي ھەقىقەتكە بويسۇنۇشى، ھەقىقىي ماتېرىيالىزمچى ئىلىم ئەھلىنىڭ ۋىجدانىنى ئىپادىلەش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى كېرەك. ھەر قانداق ۋاقىتتا شۇنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز كېرەككى: ئىلمىي تەتقىقاتتا قەتئىي ئىلمىيلىققا ئەمەل قىلىنمىسا، ئۇنداق تەتقىقات چىنلىقنى يوقىتىپ،

جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنى ئالدايدىغان ناچار مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل مەھسۇلاتقا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

ئۈچىنچى، مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام نەغمە ـ ئۇسسۇللىرىدىكى «كونىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، يېڭىلىرىنى يارىتىش» ئەمەلىيىتىدە، «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىلمىي مۇھاكىمىدە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ۋە گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىش، سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبتىكى ئەركىن تەرەققىي قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ۋە «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» مەقسەت قىلىنغان سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش، يولداشلارچە مۇزاكىرە ئارقىلىق ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىش كېرەك. ئىلمىي مەسىلىلەردە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەلۋەتتە ناھايىتى ياخشى. دەرھاللا بىرلىككە كېلەلمىگەندە، تەمكىن ۋە كەڭ قورساق بولۇش، كەمتەرلىك بىلەن ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. «ئۆلسىمۇ باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان» ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشقا بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر خىل پەن ـ تەتقىقات نەتىجىسى بىرلا ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇلارنىڭ

ھەممىسىدە بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ۋە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى قوبۇل قىلىنغان. بىر يېڭى ماتېرىيال ۋە بىر يېڭى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە دەلىللەش، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل خۇلاسە ۋە يىغىنچاقلاش كېرەك. مۇشۇنداق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق كەلگەن نەتىجىنى ئىلمىي ساھەدىكىلەر ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت ھۆرمەتلىشى كېرەك.

تەتقىقاتىمىزدا بېكىنمىچىلىك سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئېچىۋېتىش روھىنى تېخىمۇ كۆپ گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەنئەت تارىخى ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ، ماركسىزملىق كۆز قاراش ئارقىلىق، چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقاتىدىكى ئىلغار نەتىجىلەرنى تەنقىدىي ئاساستا ئەينەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش كېرەك. لېكىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە پەن ئۇسۇلىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، شاكىلىنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلاش، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە قوبۇل قىلماسلىق ۋە ئۇلارغا چوقۇنماسلىق كېرەك. خەلقنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى نەرسىلەرنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان نەرسىلەرنى مەردانىلەرچە ئوچۇق ـ ئاشكارا تەنقىد قىلىش، قاتتىق تەكشۈرۈپ مەنئى قىلىش، ئۇلارنىڭ «ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» تەك ئازادىلىكتىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنى زەھەرلىشىگە يول قويماسلىق كېرەك.

مۇقام تەتقىقاتىنى گۈللەندۈرۈشتە يەنە تەتقىقات دائىرى-

مىزنى ۋە ساھەيىمىزنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. مۇقام نەغمە ـ ئۇسسۇلىنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى، مەيلى قەشقەر مۇقامى، دولان مۇقامى ياكى قۇمۇل مۇقامى بولسۇن، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقام، ئىلى مۇقامى ياكى چوڭ نەغمە بولسۇن ھەممىسىدە سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. مۇقام نەغمە ـ ئۇسسۇلىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان بىر پۈتۈن تۆھپىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەغمە ـ ئۇسسۇل مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر پۈتۈن مىراس سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ۋە ۋارىسلىق قىلىشىمىز «يەرلىك خاراكتېرلىك»، «يۇرت خاراكتېرلىك» بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

تۆتىنچى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق، ئازادە ـ ئىناق بولغان سىياسىي مۇھىت ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭمۇ ئېھتىياجى، مۇقام تەتقىقاتى، مۇقام نەغمە ـ ئۇسسۇلىدىكى «كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى يارىتىش» لارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئىشى، بۇنى كەڭ خەلقنىڭ ياردىمى ۋە قاتنىشىشىغا تايانغاندىلا، ئاندىن ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ھەرقايسى رايونلاردىكى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدىكى، مەخسۇس كەسپىتىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن ئىشتىن سىرتقى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدىكى، پېشقەدەم

تەتقىقاتچىلار بىلەن ئوتتۇرا ياش، ياش تەتقىقاتچىلار ئوت-
تۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز، دوست-
لۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا
چۈشىنىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، كەمتەرلىك بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.
ئەگەر بىز يۇقىرى ماركسىزملىق سەۋىيىگە، پۇختا كەسپىي
نەزەرىيە ۋە كەسپىي بىلىملەرگە ئىگە، تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى
ئاڭلىق قوغدايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىدىغان ئىلىم-پەن
قوشۇنىنى بەرپا قىلىدىغان بولساق، مۇقام تەتقىقاتىدا چوقۇم
بۈگۈنكىدىنمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىلغار نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئاساستا
كۆڭۈللۈك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

# ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

ئىسمايىل تىلىۋالدى

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

ئالتۇن دەۋرنىڭ ئالتۇن پەسلىدە،
ئامانىسا خان يۇرتى شادلاندى.
ئالىملار ئۇنى - مۇقاملار كۆيى،
ياڭراپ بۇ يەردە مەركە باشلاندى.

رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، مېھمانلار:

ئاۋغۇست ئېيىدا ئەتراپ مېۋىلەر ھىدىغا تولدى، قەدىمكى شەھەر قەشقەر بايراملىق تونىغا پۈركەندى؛ ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلق شاد - خۇراملىققا چۆمدى، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدىغان مۇقام كۆيى بۇ گۈزەل بوستانلىقتا ياڭرىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ يۇرتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە بۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىگە ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى 2 مىل-

يون 800 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە ھەربىرلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

قەشقەر — ئۇزاق تارىخ ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى دىيار، يىپەك يولىدىكى بىر نۇرلۇق مەرۋايىت. بۇ گۈزەل مۇنبەت زېمىندا مەشھۇر قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىساخان قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، ئەدىبلەر، شائىرلار ۋە مۇقام ئۇستازلىرى ئۆتكەن. «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام مەيدانغا كەلگەن. ئون ئىككى مۇقام — باتۇر، ئەمگەكچان، ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، دۇنيا سەنئەت بېغىدىكى ئاجايىپ بىر گۈل دەستە بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى زور دەرىجىدە بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئالغا ئىنتىلىدىغان، مەدەنىيەتكە ئىنتىلىدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇيغۇر خەلقى بۇ بەدىئىي گۆھەرنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ، رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ ۋە بېيىتىپ، «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ئون ئىككى مۇقامنى دۇنيا سەنئەت باغچىسىدا تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ، چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

XVI ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئون ئىككى مۇقام

قەشقەردە رەتلىنىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، ئىلمىي مۇزىكا قامۇسىغا ئايلانغان، قەشقەردىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ساقلاپ قېلىشى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، 50-يىللاردىن باشلاپ مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى كۆپ يىلدىن بۇيان تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. خەلق ئارىسىدا جاپالىق تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 582 خىل مۇزىكا، ئەلىنەغمە، داستانلارنى 200 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالدى، ھەممىدە 150 نەپەر خەلق سەنئەتكارىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئىشلەپ چىقتى. 1980-يىلدىن 1991-يىلغىچە، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملار سەنئەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا كۈرەش قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، پائال تۈردە يېڭىلىق يارىتىپ، ئون ئىككى مۇقام ۋە دولان مۇقامى قاتارلىق خەلق ئارىسىدىكى ژانىرلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ناخشا، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل قاتارلىق ئوتتۇرا-كىچىك تىپتىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىقتى ۋە ئىجاد قىلدى. «رابىيە-سەئىدىن»، «مۇقام ئۇستازى»، «ئامانىسا ۋە پەنجىگاھ»، «ئامانىساخان»، «مۇقام يۇرتىدىكى شادلىق» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرا ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئامانىسا ۋە پەنجىگاھ» ئاپتونوم رايون بويىچە

ئۆتكۈزۈلگەن 2 - نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇن ئىككى مۇقامنى داۋاملىق قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، بېيىتىش ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش تارىخىي تەرەققىياتىنىڭمۇ بىزگە قويغان مۇقەررەر تەلىپى.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە يېقىندا ئاياغلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇقام تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ قەشقەردە ئېچىلىشى بىزنى مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملاردىن ئۆگىنىشتىكى بىر قېتىملىق ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتكە ئىگە قىلدى. بىز چوقۇم بۇ ياخشى پۇرسەتنى قەدىرلەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ

بېرىپ ۋە ئىزدىنىپ، ئىلمىي مۇھاكىمىنى پائال قانات يايدۇ-
رۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى قېزىپ رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە
تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ بىر يېڭى سەۋىيىگە
كۆتۈرىمىز. 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قەشقەردە ئېچىلغانلىقى ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۈرلۈك
ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت
بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن بۇ يەردە قەشقەر ۋىلايەت-
لىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋەكالىتەن، قەشقەر ۋىلاي-
تىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللاپ كېلى-
ۋاتقان ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە،
ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار ۋە قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ
رەھبەرلىرىگە، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى
بېغىشلاپ مۇقام تەتقىقات خىزمىتىگە تۆھپە قوشۇۋاتقان
مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر
ئېيتىمەن!

ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى مۇنداق
دەپ قارايدۇ: مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ
تەرەققىياتى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادى
تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدۇ. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەق-
قىياتىنىڭ بىر ئاساسىي قانۇنىيىتى. ئازاد بولغان 40 يىلدىن
بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي
غەمخورلۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئاپتونوم رايوندىكى قېرىنداش
ئورۇنلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر
مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپا - مۇ-
شەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، قەشقەر بوستانلىقىدا چوڭ-

قۇر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى تۇتۇپ، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىسلاھاتنى ئويلاپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا بىرقەدەر زور تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردى. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مول ئىجادىيەت ژانىرى ۋە ئىدىيىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتىكى رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزى بىزنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال بىلەن، گوۋۇيۈەنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، سودا ئارقىلىق چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. ئىشىنىمەنكى، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تارىخىي ئېقىمى جەريانىدا تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىدۇ، بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىز بارچە گۈللەر ئېچىلىدە تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ.

ئاخىرىدا يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، مېھمانلارنىڭ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلىدە كۆڭلىنىڭ خۇشال، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

1992-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى

# ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

غوپۇر ھاشىم

(يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، يولداشلار، دوستلار:

ھەر مىللەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ناھىيىمىزدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى زور، چوڭ كۆلەمدىكى مۇنداق بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يەكەندە — ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىق قائىدىلىرى بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئىلمىي سىستېمىغا سېلىش پائالىيىتىنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلغان جايدا ئېچىلغانلىقى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. ئۇ يەكەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شان - شەرىپى بولۇپلا قالماي، مەملىكىتىمىزدىكى، جۈملىدىن ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شان ـ شەرىپى.

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرنى پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» تىن ئىبارەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ سەنئەت باھارىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، بۇ مۇنەۋۋەر سەنئىتىمىزنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇستەھكەم ئاساس سالغۇسى!

مەن يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم، يەكەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىگە ۋە ناھىيىمىزدىكى 540 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

مۇقام يۇرتىغا ۋە مۇقامنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە قوللىغان ھۆرمەتلىك رەئىس تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەرنى، مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ، يىغىنىمىزغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلارنى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىۋاتقان ھۆرمەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى، سەنئەتكارلارنى ۋە بارلىق يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن. بارلىق

رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلار ۋە بارلىق ئەزىز مېھمانلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام — جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېلىمىز مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تارىخىي مىراسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاھان كلاسسىك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى.

ئون ئىككى مۇقام — مىللىي ئورتاقلىققا ئىگە زور ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخولوگىيىسىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقتىن كېلىپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، خەلق سەنئىتى ھاياتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن. باشقىلارنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئىلغارلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ مۇكەممەللەشكەن. بولۇپمۇ، XVI ئەسىردىكى مۇقام ئۇستازلىرى قىدىرخان، ئامانىساخانلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەن، ئومۇملاشقان ۋە راۋاجلانغان. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان.

ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى، شۇنداقلا، ئىتتىپاقلىقنى، باياشادلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان يۈرەك قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ ياڭراق ساداسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، پارتىيە ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئون ئىككى مۇقام دۇنيا مۇزىكا ساھەسىدىكى بىر مۆجىزىگە ئايلان-

**ماقتا.** بىز ئەنە شۇنداق شان-شۆھرەتلىك نادىر **مۇزىكا** **ئەسەرلىرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز پەخىرلىنىمىز،** **ئىپتىخارلىنىمىز!**

يەكەن — قەدىمكى مۇقام يۇرتلىرىنىڭ بىرى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يەكەندە پارتىيىمىزنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، مىللىي مەدەنىيەت يۈكسەلگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ناھىيىمىز يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت خىزمىتى، ئورمانچىلىق، چوڭلار مائارىپى، يېزا سىتراخوۋانىيىسى قاتارلىق توققۇز تۈردە مەركەزنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ھازىر ناھىيىمىزدىكى 29 يېزا-بازارنىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت پونكىتى، كىنوخانا، 501 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيلىرى بار.

مۇقام يۇرتىنىڭ بىر ئوغۇل-قىزلىرى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تولىمۇ مىننەتدارمىز. بىز شۇنى چۈشىنىپ يەتتۇقكى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشقان سەنئەت ئەنئەنىسى بولمىغان بولسا، ئون ئىككى مۇقاممۇ بولمىغان بولاتتى. بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە بىز ھەر يىلى «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەش ۋە نورۇز بايراملىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەندىن

باشقا، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئىش-تىن سىرتقى مۇقام گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقامنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردۇق. خەلققە ۋە ئەۋلادلارغا سەنئەت ئەنئەنىسى تەربىيىسى بېرىش، ئالىم-لار، سەنئەتكارلارنى ھۆرمەتلەشتەك ياخشى جەمئىيەت كەيپى-ياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، 1987-يىل 11-ئايدا ناھى-يىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە مۇزا-كىرە قىلىپ، مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەيكەل تۇرغۇزۇش، مۇقام مۇزېيخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدۇق. مالىيەدىكى جىددىي قىيىنچىلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىئانە توپلاش ھەيئىتى قۇردۇق. پۈتۈن ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. بۇ پائالىيەت ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى ۋە كادىرلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ھازىرغا قەدەر يەتتە يۈز مىڭ يۈەن ئىئانە توپلىنىپ، زور تەسىر قوزغايدىغان ئامانىساخان قەبرىگاھى ۋە ھەيكىلى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈلدى. بۇ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىغا بولغان ئىرادىسىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى. بۇ كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇسى!

كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ پەيتتە، مەن ناھىيىمىزدىكى 540 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ۋە مەدەت بەرگەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە، بىزنى ئىلمىي

جەھەتتىن يېتەكلىگەن ۋە ماددىي جەھەتتە قوللىغان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە، ھەرقايسى نازارەت، ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى رەھبەرلەر ۋە ھەر مىللەت مەرىپەتپەر-ۋەرلىرىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

رەھبەرلەر، ئالىملار، يولداشلار، بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ناھىيىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى مۇقام يۇرتىغا بېرىلگەن غايەت زور مەدەت ۋە ئىلھام. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» تىن ئىبارەت ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھازىر پۈتتۈرۈلگەن ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ داۋامىنى ۋە مۇزېيخانا قۇرۇلۇشىنى ياخشى پۈتتۈرۈپ چىقىمىز. ئون ئىككى مۇقامىنى پۈتۈن خەلق، جۈملىدىن ياشلار ئارىسىدا ئوموملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ئاممىۋى سەنئەت ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىمىز. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ناھىيىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «مۇقام يۇرتى»، «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» نىڭ سەنئەت ئەنئەنىسىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمىز.

كۆپچىلىكنىڭ تېخىمۇ مول، تېخىمۇ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېھمانلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن. يولداشلارغا رەھمەت.

1992-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى

## بىز مۇقام شەيدالىرى

بۇ شېئىرنى يەكەن ناھىيىسىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا 200 دىن ئارتۇق يەكەن ئۆسمۈرلىرى دېكلاماتسىيە قىلغان.

گۈزەل يەكەن ئەزەلدىن،
بولغاچ مۇقام دىيارى.
جاراڭلايدۇ ھەريادا،
ئەلنىڭ تەمبۇر، ساتارى.

قەلبىمىزنى ياشناتقاچ،
دەۋرىمىزنىڭ باھارى.
باقتى بىزگە زوقلىنىپ،
گۈزەل ئىقبال نىگارى.

نامى مەشھۇر يۇرتىمىز،
مۇقاملارنىڭ بۆلىقى.
قۇچىقىدا تۇغۇلغان،
ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى.

ئامانىسا، قېدىرخان
ئاشۇلارنىڭ بىرىدۇر.
بارچە سەنئەت ئەھلىنىڭ
ئۇستازىدۇر، پىرىدۇر.

ئۇلار ئەيلەپ جان پىدا،
رەتلەپ چىقتى مۇقامنى.
ئۇنى ئەلگە يەتكۈزۈپ،
خۇشال قىلدى ئاۋامنى.

تۆھپىكارلار، ئالىملار،
غۇرۇرىمىز، پەخرىمىز.
مېڭىپ ئۇلار ئىزىدىن،
پەن ئىشقىدا كۆيىمىز.

مۇقام بىزنىڭ جېنىمىز،
مۇقام بىزنىڭ قېنىمىز.
ئۇنىڭ بىلەن شادلىققا،
تولار بىزنىڭ دىلىمىز.

مۇقام جۇڭخۇا ئېلىنىڭ
بايلىقى ھەم مىراسى.
چاقنار ئۇندا خەلقنىڭ
ئەقىل-ئىدراك زىياسى.

ئاشۇ بۈيۈك ئەڭگۈشتەر،
مۇشۇ يەردە يارالغان.
بويلاپ يىپەك يولىنى،
كەڭ جاھانغا تارالغان.

بۈگۈن ئۇستاز يۇرتىدا،
قىزىدى توي-مەرىكە.

ئەلنىڭ چەكسىز شادلىقى
چىقتى كۆكنىڭ قەرىگە.

كەلدى ئەزىز مېھمانلار،
ھېيجىڭ بىلەن شىئەندىن.
كەلدى ئاقسۇ، كورلا ھەم
قەشقەر بىلەن خوتەندىن.

كەلدى غۇلجا، قاراماي،
ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپاندىن.
كەلدى سانجى، ئۈرۈمچى،
شىخەنزىدىن — بوستاندىن.

بىز ئۆسمۈرلەر ئۇلارغا،
چوڭقۇر سالام يوللايمىز.
مېھمانلارنىڭ شەنىگە،
خۇشال ناخشا توۋلايمىز.

ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۇق،
بولۇپ مۇقام شەيداسى.
تولدى رەڭدار گۈللەرگە،
ۋەتەنىنىڭ كەڭ سەيناسى.

ئالىملارنى ھۆرمەتلەپ،
مەدھىيىلەيمىز، كۈيلەيمىز.
ئىلىم-پەننى ئىگىلەپ،
مەڭگۈ ئالغا ئۆرلەيمىز.

---

① بۇ شېئىرنى يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى يولداش ئۆمەر ئىسمايىل يازغان.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

قېيۇم باۋۇدۇن — گۇرۇپپا باشلىقى

مۇھەممەت ئىسمايىل — مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، يىغىن-
نىڭ باش كاتىپى.

مۇھەممەتئىمىن يۇسۇپ

قەييۇم تۇردى

مەھەممەت زۇنۇن

ئىسمايىل تىلىۋالدى

ئابدۇقادىر

تۇرسۇن سادىق

بەنجىسو

غوپۇر ھاكىم

## چوڭ يىغىندا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغانلار:

1. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر — تەتقىقاتچى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

«ئون ئىككى مۇقامغا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»

2. ئىمىن تۇرسۇن — تەتقىقاتچى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»

3. مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ — تەتقىقاتچى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى.

«ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر»

4. ۋەن تۇگشۇ — تەتقىقاتچى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.

«ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە — مۇقام چۈشەنچىسى توغرىسىدا»

5. ئابدۇشۈكۈر تۇردى — تەتقىقاتچى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

«مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقامناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»

6. ئابدۇشۈكۈر مەھمەتىمىن — پروفېسسور، شىنجاڭ داشۆ.

«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە - ئېقىملىرى توغرىسىدا»

7. مەھەممەت زۇنۇن — پروفېسسور، مەدەنىيەت نازارىتى.

«ئۇيغۇر مۇقاملىرى چەت ئەللەردە»

8. شەرىپىدىن ئۆمەر — پروفېسسور، شىنجاڭ داشۆ،

«ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە مۇقام مۇزىكىسىنىڭ مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل»

9. ئابدۇكېرىم راخمان — دوتسېنت، شىنجاڭ داشۆ.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى توغرىسىدا»

10. ئەمەتجان ئەخمىدى — كاندىدات تەتقىقاتچى، مۇقام ئانسامبىلى.

«ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىسىدا تەتقىقات»

11. گۇەن يېۋېي — مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى مۇزىكا فاكۇلتېتى.

«تاڭ دەۋرىدىكى چوڭ نەغمە ۋە غەربىي رايوندىكى مۇقاملار»

12. ھۇسەنجان جامى — 1-دەرىجىلىك مۇزىكانت، مۇقام ئانسامبىلى.

«ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»

13. مۇھەممەت ئوسمان — ئاۋات ناھىيىسىدىن.

«دولان مۇقامى ئاملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى توغرىسىدا»

14. نۇرمۇھەممەت سايىت — 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى، مۇقام ئانسامبىلى.

«ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئاساسىدا سىمفونىك ئەسەرلەرنى يارىتىش يولىدىكى ئىزدىنىش»

15. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر — كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، خەلق نەشرىياتى.

«ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم»

16. تۇرسۇن يۇنۇس — 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى.

«تەركىيدۇنياچىلىققا قارشى شەخس — مەلىكە ئامانىسا»

17. مۇھەممەت شاۋۇدۇن — كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

«ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا»

18. جۇجى ــ تەتقىقاتچى، سەنئەت تەتقىقات ئورنى.
«سۇڭ دەۋرىدە تارقالغان تاڭ مۇزىكىسى ‹رۇي جېگو› بىلەن ھازىرقى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مۇقامى مۇزىكىلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەھلىل»

19. سۇلايمان ئىمىن ــ دوتسېنت، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى.
«مۇقام ۋە سىمفونىيە»

20. مەتروزى تۇرسۇن ــ 2 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور، مۇقام ئانسامبىلى،
«ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى»

21. ئاۋۇت تۇختى ــ تەتقىقاتچى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.
«مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدا»

22. مۇكەررەم مۇسا ــ لېكتور، مالىيە ـ ئىقتىساد شۆيۈەنى.
«ئون ئىككى مۇقامدىكى ئەخلاقىي ـ پەزىلەت توغرىسىدا»

23. مامۇت قاسىم ــ 2 ـ دەرىجىلىك مۇزىكانت، سەنئەت تەتقىقات ئورنى.
«ئون ئىككى مۇقامنىڭ كۈي شەكلى توغرىسىدا»

24. ئابدۇقادىر داۋۇت ــ يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى.
«ئامانىسا، قىدىرخانلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلىرى توغرىسىدا»

25. سەپەر ھۇسەيىن ـ قەشقەر مۇقام جەمئىيىتى.
«ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»

## گۇرۇپپا يىغىنىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇغانلار:

1. جۇمە ئابدۇرېھىم — بايىنغۇلىن سەنئەت ئۆمىكى.
2. ئابدۇمىجىت ئاۋۇت — مەكتەپ 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ.
3. مۆمىن سەپىرى — ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش.
4. تىلىۋالدى سىدىق — مەكتەپ ناھىيە يانتاق يېزىلىق پارتكوم.
5. ئۆمەرجان ئوسمان — يەكەن ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى.
6. ئابلىز ئىسمايىل — سەنئەت شۆيۈەنى.
7. ئىسمايىل تۆمۈر — ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.
8. ئۆمەر ئىمىن — مۇقام ئانسامبىلى.
9. لى يۈن — دوتسېنت، شىنجاڭ داشۆ.
10. ھېيتەم ھۇسەيىن — شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى.
11. ئابلەت ئۆمەر — شىنجاڭ داشۆ.
12. غوجا ئابدۇللا — قارىقاش ناھىيە سەنئەت ئۆمىكى.
13. ماخمۇت زەيدى — كاندىدات تەتقىقاتچى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.
14. ئابدۇرۇسۇل راخمان — شىنجاڭ سىفەن داشۆ.
15. ئاپرېل سەمەت — 2 - دەرىجىلىك ئارتىس، ئوپېرا ئۆمىكى.
16. مەتىمىن نورۇز — 1 - دەرىجىلىك ئارتىس، ئوپېرا ئۆمىكى.
17. دىلدار ئېزىزى — ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش.
18. ئابلىكىم ئابدۇللا — ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى.

19. قۇربان ئۆمەر — تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى.
20. غوپۇر ئەخمەت — تۇرپان ۋىلايەت مەدەنىيەت باشقارمىسى.
21. ئابلىمىت روزى — شىنجاڭ داشۆ.
22. ئابلەق ئاۋامۇسلىم — ئاتۇش شەھىرى.
23. يارمۇھەممەت تاھىر — قەشقەر سىفەن شۆيۈەن.
24. ئىبلى ئىبزىز — ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى.
25. ئابدۇرېھىم مۇھەممەت — بوگور ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى.
26. ئابدۇقېيۇم قادىر — قاراماي سەنئەت ئۆمىكى، 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى.
27. سۇلايمان يۇنۇس — تىببىي شۆيۈەن 1 - دوختۇرخانا.
28. ئابدۇرېھىم سىدىق — «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسى.
29. ئابلەت قېيۇم — ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى.
30. قادىر هوشۇر — مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخانا.
31. مۇتەللىپ ئىسكەندەر — ئاقسۇ سىفەن.
32. سۇلتان مامۇت — يەكەن مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ.
33. ئابلەت سىدىق — مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى.
34. مىجىت — توقسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى.
35. يۇسۇپجان — شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى.
36. هاكىم جاپپار — شىنجاڭ داشۆ.
37. ساتتار توختى — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى.

38. جەمىلە قادىر ــ شىنجاڭ سەنئەت شۆيۇەنى.
39. زاھىر بۇرھان ــ ئۇرۇمچى بالىلار تىياتىرى ئۆمىكى.
40. ئابدۇكېرىم مىجىت ــ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى.
41. زۆھرە مەھەممەت ــ باينغۇلىن ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى.
42. كۇرەش كۇسەن ــ شىنجاڭ سەنئەت شۆيۇەنى.
43. ھۈسەيىن كېرىم ــ كاندىدات تەتقىقاتچى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۇەنى.
44. تاش مامۇت ــ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى.
45. داۋۇتجان مەمەتتۇرسۇن ــ ئاسپىرانت، شىنجاڭ داشۆ.
46. مەھەممەت ئېزىز ــ قاغىلىق ناھىيە سەنئەت ئۆمىكى.
47. ئېزىز گايىت ــ توقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى.
48. ئەختەرنىسا ــ ئاۋات ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ.
49. ئابدۇراخمان ھاجى ــ يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى.
50. ھەنىپە ئىسمايىل ــ 2 - دەرىجىلىك ئارتىس، ئوپېرا ئومىكى.

## ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر:

1. ئابدۇرېھىم ھامىت ــ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.
2. غوپۇر ئابدۇللا ــ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

3. تۇرسۇن ئىسمايىل — ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم.
4. مەھەممەتجان سادىق — ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.
5. غوپۇر ئابدۇللا — دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى.
6. مەمتىمىن سابىر — سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى.
7. پەيزۇللا — شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.
8. ئەخەت تۇردى — ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.
9. تىللاقىز — ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئارتىسى.
10. غىياسىدىن بارات — 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى.
11. مۇتەللىپ مەھەممەت — ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى.
12. ئۆمەر سايىم — شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى.
13. يۈسۈپجان — قاراماي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى.
14. غازى ئەمەت — سەنئەت شۆبىسىنىڭ باشلىقى.
15. ئابلا رېھىم — تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى.
16. شامىڭ — رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نازىرى.
17. ئارۇپ — مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.
18. ساۋۇت — مىللەتلەر نەشرىياتى.
19. قۇربان مامۇت — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى.
20. ئوبۇلقاسىم غوجەخمەت — تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
21. ئىبراھىم پەخرىدىن — ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ باشلىقى.
22. تۇيغۇن ئەخمىدى — 1 - دەرىجىلىك ئارتىس،

رېژىسسور، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى.

23. ئامىنە ئابدۇرىشىت — ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى مۇخبىرى.

24. روزى هوشۇر — شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى.

25. ئابلايوپ — خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

26. ئىسمايىل مەخسۇت — بىڭتۇەن سىلىڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى.

27. ئىسمايىل تىلىۋالدى — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى.

28. تۇرسۇنتاي — سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

29. ئابدۇرېھىم ھاشىم — قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى.

30. تۇرسۇن توختى — سۇ ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى.

31. مەھەممەت مامۇت — ماشىنىسازلىق نازارىتىنىڭ نازىرى.

32. مىجىت باقى — خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارما باشلىقى.

33. ئابدۇرۇسۇل — قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى باشلىقى.

34. ھەبىبۇللا — كۇچار ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

35. تاشتۆمۈر — توقسۇن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

36. قاۋۇل تۇردى — مۇقام ئانسامبىلىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇزىكانتى.

37. ئابلىز شاكىر — شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى.

38. مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن — «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى.

39. ئۆمەر ئاخۇن — مۇقام ئانسامبىلى مۇقامچىسى.

40. مۇھەممەت سالى ھاجى — ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى.

41. ئابلەت مەممەتجان — قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى.

42. قادىر نىياز — ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي - مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.

43. ھامىت — قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىسى.

44. ئوبۇل ئىسلام — شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى.

45. خۇرشىدە غوپۇر — شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سەنئەت بۆلۈمى باشلىقى.

46. مەمتىلى زۇنۇن — ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ 1 - دەرىجىلىك دراماتورگى.

47. تۇرسۇن توختى — ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ باشلىقى.

48. توختى مولتاجى — ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ سابىق باشلىقى.

49. ئەخەت ھاشىم — كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى.

50. ئابدۇشۇكۇر سىيىت — ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى باشلىقى

51. قاسىم ئېزىز — ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

52. ليۇ جىشاۋ — شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

53. ليۇ بىن — شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

54. قادىر ئىسمايىل — ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى.

55. ۋاڭ شۇلىيەن — ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى.

56. لياڭ يىڭ — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى.

57. قاسىموۋ — ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىسادى سودا نازارىتى.

58. سۇلتان ماھمۇت — ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى.

# قوشۇمچە ماتېرىياللار

# ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**قېيۇم باۋۇدۇن**

(1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

يولداشلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلار:

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى يەكەندە ئېچىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئون ئىككى مۇقام ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل

بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت
زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى بو-
لۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك
مىراس. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن
شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق. ئۇ، ئىلمىي،
تارىخىي، بەدىئىي قىممەتكە، شۇنىڭدەك ھۇزۇر ئېلىش ۋە
ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە.

ئون ئىككى مۇقام تارىختىن بۇيان سەنئەتخۇمار ئۇيـ
غۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا ۋە
مىللىي پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، جەمئىيەت
كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەتكە، پاك مۇھەببەت، گۈزەل
ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا
ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۇ ئەخلاق ئىلمى، پسىخولوگىيە، جەمئىيەتـ
شۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن
مۇكەممەل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، شەكـ
لى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىكى، ئامـ
مىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى
ۋە جەڭگىۋارلىقى بىلەن جەمئىيەتكە ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىتىش،
خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىش، مىللەت روھىنى ۋە
ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى نامايان قىـ
لىش، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرۇشتەك مۇھىم رولىلارنى ئويـ
ناپ كەلمەكتە.

ئون ئىككى مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا
ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ كەلـ
گەنىدى. فېئوداللار كۈچلەرنىڭ نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن
مۇقامچىلار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەنىدى. شىنجاڭ ئازاد
بولۇش ھارپىسىغىچە ئون ئىككى مۇقامنى بىرقەدەر تولۇق

ئېيتالايدىغان ئىككى، ئۈچ نەپەر ياشانغان مۇقامچىلا قالغان بولۇپ، ئۇن ئىككى مۇقام يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسىنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇرۇنقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ساقلاپ، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن ئۇن ئىككى مۇقامنى 41 يىل جاپالىق ئىزدىنىش، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشىر قىلىش، تارقىتىش ئارقىلىق ئۇنى تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبىلىك تاماملاندى. بۇ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجە.

مۇقامنى سەھنىلەشتۈرۈپ دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش خىزمىتىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى. «چەپبايات» مۇقامى ئەنگلىيە، پاكىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ۋە شياڭگاڭدا ئورۇندىلىپ، قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، شۇنىڭدەك چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى؛ دېمەك ئۇ، دۆلىتىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈردى. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى 37 خىل گېزىت-ژۇرنالدا 150 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئوبزور ئېلان قىلىندى. بۇ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

مۇقام تەتقىقاتىنى چۆرىدىگەن ھالدا مىللەت، دىن، تارىخ، تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، مىللىي

ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇدىغان يېڭى سەھىپە ئېچىپ، مۇزىكا ساھەسىدىكى بۇ نادىر ئەسەرنى يېڭىباشتىن نۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە مۇقام تەتقىقاتى بويىچە بىر نەزەرىيەۋى قوشۇن شەكىللەنمەكتە. «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام»، «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى» قاتارلىق مەخسۇس كىتابلار ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر نەشىر قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

مۇقام تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەتقىقاتتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش؛ مۇقام تەتقىقاتىدىمۇ بېكىنمىچىلىك قىلماي، تەتقىقاتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش؛ مۇقام تەتقىقاتى مۇھاكىمىسى جەريانىدا «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش؛ مۇقام سەنئىتىنىڭ خىلمۇ خىل روللىرىنى تىرىشىپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى
كۆچەيتىش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەن ـ
دۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈ ـ
نىگىچە يەكەن ناھىيىسىدە شىنجاڭ بويىچە 2 ـ قېتىملىق
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى
ئاچماقچىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ،
جۈملىدىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت تارماقلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، ئاپتونوم رايون ـ
لۇق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى
بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ساھەسى ـ
دىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللىشى، ئالىملار، مۇتەخەسسى ـ
لەر، سەنئەتكارلارنىڭ مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرى ئىل ـ
مىي قىممەتكە ئىگە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقىشى
ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى چوڭ كۆلەملىك ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق خىزمىتى كۆڭۈلدى ـ
كىدەك ياخشى ئىشلەندى. بولۇپمۇ ئىلمىي ماقالىلەرگە بولغان
تەلەپ قاتتىق قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى
مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي كومىتېتىدىكى
ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ
تاللىشى ئارقىلىق، 95 پارچە ئىلمىي ماقالىدىن 78 پار ـ
چىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇشقا بېكىتىلدى. بۇ ـ
نىڭدىن 25 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلىپ،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ـ خەنزۇ تىل ـ
لىرىدا مەخسۇس كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنىش ئالدىدا
تۇرماقتا.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا پارتىيە، ھۆكۈمەت

رەھبەرلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەتكارلار، فوند جەمئىيەتى مەسئۇللىرى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئالىملار، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەردىن بولۇپ 143 نەپەر ۋەكىل قاتنىشىدۇ.

يىغىن مەزگىلىدە يەنە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ:

1. مۇقام سەنئەتكارى ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛

2. ئامانىساخاننىڭ قەبرىسىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈلىدۇ؛

3. ئون ئىككى مۇقام رەسىملىك كۆرگەزمىسى ئېچىلىدۇ؛

4. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە قاغىلىق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئون ئىككى مۇقامنى ئورۇنداپ بېرىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەت ئەربابلىرى، كەڭ سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا مۇقام مەرىكىسى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرىكى، ئىتتىپاقلىق - غەلىبە يىغىنى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا، تارىختا «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، «مۇقام - مەشرەپ دىيارى» دەپ شۆھرەت قازانغان يەكەننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقىغا ئالتۇن كۈز پەسلىدە تېخىمۇ كۆركەم ھۆسن قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز

(1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

فېڭ داجېن

ھۆرمەتلىك مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، سەنئەتكارلار، يولداشلار، دوستلار!

ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتۋە قۇرۇلۇشنىڭ قەدەمىنى تېزلىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز بۇ يەردە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى ئېچىۋاتىمىز، بۇ ناھايىتى كاتتا ئىش. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت مۇزىكانتلىرى، سەنئەتكارلىرى، نەزەرىيە خادىملىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. سىلەرنىڭ يۈرەك قېنىڭلارنى سەرپ قىلىپ، جاپالىق تەتقىق قىلىپ مۇقامنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىدە مول نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئېسىل مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات ئالقىش سادالىرى يەنە بىر قېتىم دولقۇنلاۋاتقان،

ئىشقىنى ئېچىۋېتىش مىلودىيىسى يېڭىباشتىن جاراڭلاۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈ-
رۈشكە ئىلھام بەرگىنىڭلارغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئون ئىككى مۇقام ۋەتىنىمىزنىڭ
مۇزىكا خەزىنىسىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەر، ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇزىكا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە
قوشقان غايەت زور تۆھپىسى، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى.
ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنىڭ ئىخچام
ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ فېئودال ھۆكۈم-
رانلارغا بولغان غەزەپ ۋە ئېتىرازلىرىنى، ئەمگەكچى خەلق-
نىڭ بەخت ۋە يورۇقلۇققا بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەت-
تۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئون ئىككى مۇقام ئۇزاقتىن بۇيان
ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقى
ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر قەدىرلىشىگە ئىگە بولۇپ،
ئۇزاق ـ ئۇزاق جەريانلاردىمۇ ئاجىزلاپ كەتمىگەن.

مۇقام بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ھەر مىللەت خەلقى ۋە رايونلار ئارىسىدا مۇزىكا مەدەنىيە-
تىنى ئالماشتۇرۇشقا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىن خەنزۇلار ئول-
تۇراقلاشقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا، ئوتتۇرا ئاسىياغا،
غەربىي ئاسىياغا ۋە ئوتتۇرا شەرققە تارقالغان. شۇڭا ئون
ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا
كۈچا مۇزىكىسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا چەتتىن كەلگەن
سەنئەتلەرنى قوبۇل قىلىپ تەدرىجىي گىرەلەشمە تەرەققىيات-
نى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئىچكى ـ تاشقى مەدە-
نىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن ئون ئىككى مۇقام يەنە يېڭى-
باشتىن ياشلىق باھارىغا ئېرىشتى. ئەسلىدە تارقاقچىلىقتىن

يوقلىپ كېتىش ھالىتىدە تۇرغان ئون ئىككى مۇقام قېزىش، يىغىش، رەتلەش ۋە پىششىقلاش ئارقىلىق تارىختىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق، مۇكەممەل بولغان بەش سىزىقلىق نوتىغا ئېلىنىپ، نەشىر قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولدى ھەمدە سەلتەنەتلىك سورۇنلاردىن ئورۇن ئېلىپ خەلقنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەھنىسىدە نامايان بولدى. تېخىمۇ خۇشاللىنارلىقى شۇكى، نۇرغۇنلىغان مۇزىكا خادىملىرى خەلق ئارىسىغا كىرىپ ئون ئىككى مۇقام، دولان مۇقامى ۋە باشقا يەرلىك مۇقاملارنى رەتلەپ چىقتى. قەدىمكى ئاھاڭلارنى ماتېرىيال قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا سوتسىيالىستىك مەزمۇن كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن يېڭى مۇزىكا، چالغۇ ئەسەرلىرى ۋە ئەسەرلەرنى تۈزدى، ئىجاد قىلدى. «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىدىمۇ مۇقام ئاھاڭلىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلاندى.

ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى خەلق مۇزىكىسىدىن تەۋەرۈك قالغان بۇ ئەنئەنىۋى ئەڭگۈشتەر ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش داۋامىدا دەۋرنىڭ روھى ۋە شان ـ شەرىپىنى ئۇرغۇتۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇيغۇرلار ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇزىكشۇناسلىقىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم مۇزىكا مىراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جامائەتنىڭ نەزەرىدىكى تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى، نۇرغۇن يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئاشكارىلاپ،

بىر مۇنچە قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ۋە يېڭى نۇق- تىئىنەزەرلەردىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇقام تەتقىقاتى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. مۇقام تەتقىقاتىدا ئاللىقا- چان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى بىز توغرا چۈشىنىشى- مىز، تەدبىقلىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئون ئىككى مۇقام جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇزىكا مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، نەزەرىيە ۋە بىلىم خەزى- نىسى، بىز ئالدىنقىلارنىڭ قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى تەت- بىقلاپ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرايلى.

بىز ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇلغان نەچچە ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ئىچىدە مۇقامنىڭ قانۇنىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشلارنىڭ بولغانلىقىغا، كونكرېت مەسى- لىلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئىزدىنىشلەرنىڭ بولغانلى- قىغا، كىشىلەر تېخىچە كۆرۈپ يېتەلمىگەن ۋە ئىختىرا قىلالمى- غان مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، مۇقام ئىلمىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقى ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. يېڭى پىكىرلەر ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋە نەزەرىيىلىرى نىشانلىق بولغان بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلارنىڭ ھارماس ئىلمىي ئىزدىنىش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە تەرەپلەردىن يېڭى دەۋردىن بۇيان رايونىمىزنىڭ مۇقام ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنىمۇ ئەكس ئەت- تۈرىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە يېڭى تەپەككۇر، يېڭى ئۇرغۇش، يېڭى ئىلھام، يېڭى ئىنتىلىش بېغىشلايدۇ.

بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى، بارلىق ئاڭ فورماتى- سىيىلىرىنى توغرا تونۇشتىكى تۈپ مەسىلە قانداق مەيداندا

تۇرۇش، قانداق ئۇسۇل قوللىنىش مەسىلىسى. شۇنداق
ئىكەن، ئۇن ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت
ھادىسىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق
مەسىلە يەنىلا بىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇل نەزەرىيىسى
مەسىلىسى. ئەگەر بىزنىڭ بىلىش نەزەرىيىمىز مەسىلىلەرنى
دىئالېكتىك تەھلىل قىلىش بولماي ئىدېئالىزىمغا ئاغىدىكەن،
ئۇسۇل نەزەرىيىمىز نوقۇل بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنداقتا بىز-
نىڭ ئۇن ئىككى مۇقام ھەققىدىكى بىلىشىمىز ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن بولمايدۇ-دە، خاتالىق كېلىپ چىقىشتىن ساقلان-
غىلى بولمايدۇ. بىلىش بولغان تەقدىردىمۇ مەسىلىنىڭ ما-
ھىيىتىنى كۆرەلمەي قالىمىز، ھەتتا ئۇنى جەمئىيەتنىڭ
ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ماددىي دۇنيا بىلەن
مۇناسىۋەتسىز، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن باغلانمايدىغان، ئاڭ
فورماتسىيە بىلەن باغلانمايدىغان، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان
روھىي ھادىسىلا دەپ قاراپ قالىمىز-دە، يېگانە، تۇرغۇن،
نوقۇل ھالدا ناخشا ئۇسسۇل دېگەن ناخشا ئۇسسۇل، مۇزىكا
دېگەن مۇزىكا دەپ قارايمىز، ھەتتا مۇنەۋۋەر، ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتىمىزنى يەڭگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىمىز. ئەگەر
دىئالېكتىك، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ
ئۇن ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ مۇزىكا مەدەنىيەت ھادى-
سىسىنى بىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭ
پەيدا بولۇشىنى، ئۇنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلەش شەكىللىرىنى
ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش،
ماددىي مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار بىلەن بول-
غان باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىل-
غاندىلا بىز ئۇنىڭ ئىچىدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ
چىقالايمىز، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىچىلىكىنى كۆرەلەيمىز،

ئۇنى ئەتراپلىق بىلىۋالالايمىز. ئۇسۇل نەزەرىيىسىمۇ ئەنە شۇنداق مۇھىم. مەسىلەن، بىز دائىم دەپ يۈرىدىغان سېلىشتۇرما مۇزىكىشۇناسلىق ئۇسۇلىنى ئالايلۇق، بۇنداق سېلىشتۇرۇش كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يۆنىلىشلىك بولۇشى كېرەك بولىدۇ، بىز بۇ ئۇسۇلنى ياكى باشقا ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ ئالالىساق، ئۇن ئىككى مۇقامغا بولغان بىلىشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىقراق بولىدۇ. چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي قىممەت ۋە تىل فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەت ۋە سىرنى ئېچىپ بېرەلەيمىز.

بىز ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي كەيپىيات تولۇپ تاشقان، ۋەكىللەر بەھۇزۇر سۆزلىشەلەيدىغان، ھەركىم ئۆز كۆز قارىشىنى ئەركىن بايان قىلالايدىغان، كەڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شۇ ئاساستا مىللىي مۇزىكا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، مىللىي مەدەنىيەت ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغان يىغىن بولىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا مول ئىلمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغان يىغىن، بىر قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كاتتا يىغىنى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

يولداشلار، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق باسقۇچتا تۇرماقتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا قىلغان مۇھىم سۆزى مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ئىلگىرىلەش نىشانىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يورۇتۇپ بەردى. پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىز-

نىڭ ئىقتىسادىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بەدىئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. بىز ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، قىزغىن ئىجاد قىلىپ، رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم. بىز پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئاساسدا ئىتتىپاقلىشىپ، «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي يۆنىلىشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ، يولداش جياڭ زېمىن مەركەزلىكىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم، بۇ تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مۇقەددەس ۋەزىپە، گەرچە بۇ ۋەزىپە ناھايىتى مۈشكۈل بولسىمۇ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىدىغانلا بولساق، جەزمەن ئاكتىپ تۆھپە قوشالايمىز. مول نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرايلى!

# ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يەكەن يىغىنى توغرىسىدىكى خۇلاسە

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى مۇھەممەت ئىمىن يۈسۈپ 1992 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېچىلغان ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 2 يىل جەريانىدا ئېلىپ بارغان تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ۋە يىغىن جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ خۇلاسە قىلدى.

1. 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. 1990 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدا مەلۇم پەيتتە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلغان. 1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى 65 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىپ، يەكەن ناھىيىسىدە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلغان،

يېزىلىدىغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئىلمىيلىكى جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرغان. 1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ قارارى بويىچە 2 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى يەكەن ناھىيىسىدە ئېچىش، يىغىنغا سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان 60 نەچچە ئىلمىي ماقالە تەييارلاش ۋە تاللانغان ماقالىلەردىن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى چىقىرىش، ئون ئىككى مۇقام ئۇستازى ئامانىسساخاننىڭ ھەيكىلىنى ياساش ۋە ھەيكەل يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەر بەلگىلەنگەن. بۇ ھەقتە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتكە دوكلات يېزىلغان، بۇ دوكلاتنى رەئىس تۆمۈر داۋامەت 1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭدا تەستىقلىغان. بۇ تەستىققا مۇئاۋىن رەئىس قېيوم باۋۇدۇنمۇ قوشۇلۇپ كونكرېت يوليورۇق بەرگەن. 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي ھەيئىتى كېڭەيتىلگەن دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىپ، 67 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەستىقىنى يەتكۈزۈپ، يىغىننى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنلىرى ئەتراپىدا يەكەندە ئېچىش، قاتنىشىدىغان كىشىلەر تەخمىنەن 80 ئەتراپىدا بولۇش، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە چوڭ نەتىجىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن مۇزاكىرە قىلىنغان. بۇ ھەقتە 1992 - يىل

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۆمۈر داۋامەتكە 2 - قېتىملىق دوكلات يېزىلغان. رەئىس تۆمۈر داۋامەت بۇ دوكلاتنى 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تەستىقلاپ چۈشۈرگەن. 1992 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمايىلنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ، يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەستىقىنىڭ روھى بويىچە خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يىغىنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى پرىنسىپ بويىچە يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا، يىغىنىنىڭ راسخوت مەسىلىسى توغرىسىدا، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىگە دوكلات يازىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا دوكلات يازىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەستىقلىغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئالدىن بىر تەرەپ قىلىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى بۇ يىغىننى ئۆزىنىڭ 1992 - يىللىق پىلانىغا كىرگۈزگەن. 1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىگە قائىدە بويىچە رەسمىي دوكلات يازغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى مۇشۇ دوكلات ئاساسىدا 1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا دوكلات سۇنغان. 1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - ، 14 - ، 15 - كۈنلىرى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىم-

لىق يىغىنى ئېچىلىپ، 54 پارچە ئىلمىي ماقالە تەكشۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن 22 پارچە ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرىغا قايتا تولۇقلاپ ئىشلەشكە قايتۇرۇلدى. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزالىرى يازغان ماقالىلىرىنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەۋەتىپ بولۇش قارار قىلىندى. 1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش قېيۇم باۋۇدۇن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەتتە كونكرېت مەسىلىنى ئورۇنلاشتۇردى. ① يىغىنغا قاتناشتۇرىدىغان ماقالىلەرنىڭ ئىلمىيلىكىغا ۋە ئىدىيۋىلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. ② تاللانغان ماقالىلەردىن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە بىر كىتاب چىقىرىش. ئۇيغۇرچىسىنى بەكەندە ئېچىلىدىغان يىغىنغا جەزمەن ئۈلگۈرتۈش، خەنزۇچىسىنى بېيجىڭدا ئاچىدىغان يىغىنغا جەزمەن ئۈلگۈرتۈش، سۈپەت جەھەتتىن مەملىكەت سەۋىيىسىگە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش. ③ 40 يىلدىن بېرى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، رېئاللىق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئىشلەيدىغان تېلېۋىزىيە فىلىمىدە پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈش. ④ يەكەندىكى خىزمەت جەريانىدا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ 40 يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدىغان كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇش. ⑤ يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمىتى ۋە يىغىن جەريانىدىكى خىزمەتلەرنىڭ تەقسىماتى ئېنىق بولۇش، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەش. ⑥ يەكەندىكى يىغىننى ياخشى ئېچىپ،

بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا پۇختا ئاساس يارىتىش.
⑦ يىغىننىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئېنىق بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ۋە يىغىن تەييارلىق گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ كونكرېت خىزمەت تەقسىماتى ۋە ۋەزىپە دائىرىسى ئېنىق كۆرسىتىلگەن ماتېرىيال رەھبەرلىك گۇرۇپپا نامىدىن تارقىتىلدى.

1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈچ كۈن ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلمىي كومىتېتى 3 - سانلىق يىغىننى ئېچىپ 90 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىدىن 25 پارچىسىنى تاللاپ كىتابقا كىرگۈزۈش. 57 پارچە ماقالىنى كىچىك يىغىنلاردا ئوقۇش بېكىتىلدى. بۇ يىغىنغا 27 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. 1992 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يولداش قېيۇم باۋۇدۇن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، سۇڭ خەنلياڭ شۇجىنىڭ يەكەندىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ياخشى ئېچىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

2. تەييارلىق خىزمىتىنىڭ 2 - باسقۇچى 1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن باشلاندى. ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قېيۇم باۋۇدۇن ۋە مەھەممەت ئىسمايىللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مۇھەممەت ئىمىن يۈسۈپ، ھۈسەنجان، ئىبراھىم پەخىرىدىن قاتارلىق يولداشلار قەشقەرگە بېرىپ، ۋالىي ئىسمايىل تىلىۋالدىغا يەكەن يىغىنىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئېچىش توغرىسىدىكى

رەھبەرلىكىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قەشقەر سەمەن مېھمانخانىسىدا يەكەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجى، ھاكىملىرى، ۋىلايەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى قاتناشقان تەييارلىق خىزمىتى توغرىسىدا يىغىن ئېچىلدى. يەكەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئامانىساخانىنىڭ ھەيكەل يوپۇقىنى ئېچىش، قەبرىگاھ مەيدانىدا لېنتا كېسىش تەنتەنىسىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىسمايىل تىلىۋالدى مۇشۇ تەدبىر بويىچە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى.

7-ئاينىڭ 19-كۈنى يەكەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ زالىدا تەتقىقاتچى مۇھەممەت ئىمىن يۈسۈپ، مۇئاۋىن ۋالىي ئابدۇقادىر، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى سىيىت، ناھىيەنىڭ ھاكىمى غوپۇر ھاشىم قاتارلىق مەسئۇل يولداشلار ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىرى قاتارلىق 21 ئورۇننىڭ مەسئۇللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىلىپ، يولداش سۈك خەنلياڭ ۋە تۆمۈر داۋامەتلەرنىڭ يوليورۇقلىرى يەتكۈزۈلدى. 8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئېچىلىدىغان ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان 11 تۈرلۈك مەسىلىنىڭ چارە-تەدبىرلىرى بىر-بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىنىپ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا سىيىت شۇجى، غوپۇر ھاكىم باشلىق 25 كىشىلىك يەكەن يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ھەيئىتىدىكى يولداشلار تولۇق ماسلىشىپ 7-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن باشلاپ ئۈچ سىمېنا بويىچە كۈندە 24 سائەت جاپالىق ئىشلەپ، يىغىننىڭ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. مۇشۇ 20 كۈن جەريانىدا تەييارلىق خىزمەتلىرىگە دائىر 15 قېتىم باش قوشۇش

يىغىنى، لەق مەيدان يىغىنلىرى ئېچىلدى.

قىسقىسى، تەييارلىق خىزمىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى باسقۇچ بويىچە ئىنچىكە، ئەستايىدىل، ئىلمىي ئاساستا تەشكىللىنىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن يىغىن تەنتەنىلىك بولدى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

3. 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە يەكەندە ئېچىلىپ، بۇ يىغىنغا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆبيۈەنى، شىئەن، شاڭخەي، لەنجۇ سەنئەت شۆبيۈەنلىرى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقات خادىملىرىدىن، پېشقەدەم سەنئەتكارلاردىن بولۇپ 147 نەپەر كىشى، ئون ئىككى مۇقام، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن 31 نەپەر كىشى، يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى ۋە يىغىن خىزمەتچى، تېخنىك خادىملىرى بولۇپ جەمئىي 207 نەپەر كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىلمىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش گەۋدىلەندۈرۈلگەن تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى چوڭ، تەسىر دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ يىغىن بولدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسى يەنە بىر قېتىم تەنتەنە قىلىندى. بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، رېئاللىق ئۈچۈن،

ئىلكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدىيىسى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە گەۋدىلەندى:

① يولداش تۆمۈر داۋامەت، قېيۇم باۋۇدۇن، فىلىك داجىنلارنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىدە، چوڭ - كىچىك يىغىنلىرىدا، ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدە بۇ نۇقتا گەۋدىلەندى.

② ئېچىلىش مۇراسىمىدا قېيۇم باۋۇدۇن يەتكۈزگەن يولداش ئىسمايىل ئەمەتنىڭ تەبرىك خېتى بىلەن باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل يەتكۈزگەن سۇڭ خەنلياڭ شۇجىنىڭ يىغىننى ياخشى ئېچىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سۆزلىرىدە بۇ نۇقتا گەۋدىلەندى.

③ يىغىن مەيدانلىرىغا، يەكەن كوچىلىرىغا ئېسىلغان، يېزىلغان چوڭ - كىچىك لوزۇنكىلاردا سوتسىيالىزىمدا چىڭ تۇرۇش بىلەن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندىكى سۆزلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدىمۇ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلدى.

يىغىننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىنى ئۈچ مىسال بىلەنلا يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

① يىغىننىڭ تەنتەنىسىنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئۈچۈن يەكەن چوڭ كوچىلىرىغا خۇددى بايرام كۈنىدىكىدەك ئىختىيارىي ھالدا يىغىلغان 50 — 60 مىڭ كىشى ئۆز خۇشاللىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ: «كوممۇنىستىك پارتىيە بولغاچقا مىللىي مەدەنىيىتىمىز تىرىلىپ مۇشۇنچىۋالا تەنتەنە قىلالىدى» دېيىشتى. بوۋاي - مومايلار، ياشلار، زىيالىيلار يىغىننى تەبرىكلەپ بىر- بىرىگە گۈل تۇتۇشتى. ھەتتا بەزى دېھقانلار، بەزى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار يىغىننى تەبرىكلەپ خەت يازدى.

② يەكەندە تۇرۇشلۇق 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىلىك، جىڭۋېيلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقاندىن باشقا 5 مىڭ جەڭچى ئوفىتسېرنى، مەخسۇس ماشىنىلارنى ئاجرىتىپ يىغىن مەيدانلىرىنى، كوچىلارنى رەتلەپ تازىلاشقا، پۈتۈن يەكەن شەھىرىنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى يۇيۇپ چىقىشقا قاتناشتۇردى. 6 - دىۋىزىيىنىڭ مېھمانخانىسىدا 25 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋەكىللەرنى پۇلسىز ياتقۇزۇپ كۈتتى.

③ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۇستازى، مۇقامشۇناس ئامانىسساخاننىڭ ھەيكەل يوپۇقىنى ئېچىپ، قەبرىگاھىدا لېنتا كېسىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ - كىچىك يىغىن، سورۇنلاردا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەرمىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس، شائىرلىرىنىڭ ئون ئىككى مۇقام ۋە ۋەتەن ھەققىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە شېئىرلارنى ئوقۇغانلىقى، بۇ مۇراسىمغا قاتناشقان 82 ياشلىق دېھقان سىيىت باقىنىڭ «مەن ئۆمرۈمدە ئىككى ئۇلۇغ ئىشقا قايىل بولدۇم، بىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە يەنە بىرى ئۆز مىللىتىدىن چىققان ئالىم، شائىر، تۆھپىكارلارنى مۇشۇنداق تەنتەنە بىلەن قەدىرلىگەن ئۇلۇغ ئىشقا قايىل بولدۇم» دېگەن سۆزى، 200 نەپەر خەنزۇ - ئۇيغۇر پىئونېرنىڭ ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا دېكلاماتسىيە ئېيتىپ يىغىن زالىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ماۋجۇشىنىڭ «جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىنى جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يولداش قېيۇم باۋۇدۇن بەش كۈن ئېچىلغان ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە

يىغىنىنىڭ خۇلاسىسىنى چىقاردى. ئۇ ئاخىرىدا كۆز ئالدىمىزدا ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان تەتقىقاتقا دائىر ئالتە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا تارقاتقان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتابنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق نەشرىياتى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەتبەئەگە يوللاپ نەشردىن چىقاردى. بىز ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى نامىدىن خەلق نەشرىياتىدىكى ئوبۇل ئىسلام، ئەخەت ھاشىم، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، لى جىڭيا قاتارلىق يولداشلارغا تەشەككۇر ئېيتىمىز، شۇنداقلا زاۋۇتتىكى جاپالىق ئىشلىگەن ئىشچى يولداشلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمىز. بىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىگەن ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى ئوبۇلقاسىم خوجەخمەت، خۇرشىدە غوپۇر، ئۆمەر سايىم قاتارلىق يولداشلارغا ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتىمىز.

جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەرخىل ئىلمىي پائالىيەتلىرىدىنى بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى مىركامىل، غەيرەت ئابدۇللا، «كەچلىك گېزىت»دىكى ئامىنە ئابدىرىشىت قاتارلىق يولداشلارغىمۇ تەشەككۇر ئېيتىمىز. بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلىنى ياساشتا پۈتۈن ماھارىتىنى چىقىرىپ كۈندىگە 15 — 16 سائەت جاپالىق ئىشلەپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن دوتسېنت دىلمۇراتقا ئاپىرىن ۋە تەشەككۇر ئېيتىمىز.

# مۇراجىئەتنامە

جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىنى جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان. ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىلىرىدىن بىرى. شۇڭا بىز ئۇيغۇر خەلقى ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز. ئون ئىككى مۇقام يولداش جۇياڭ تەرىپلىگەندەك: «نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق». بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، پروفېسسور ئاندىرسون: «شىنجاڭ— ئاسىيا قىتئەسى مۇزىكا بايلىقىنىڭ بۆشۈكى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقامىدەك چوڭ تىپتىكى مۇقاملار باشقا يەردە مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن. بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىمىز دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشمەكتە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى ئۆزىنىڭ مىللىي شەكلى ۋە خاسلىقىنى ساقلىغان ھالدا دۇنياۋى ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ، دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكەن ئەدەبىيات ئىدى. شېئىرىيەتنى ئاساسىي بەلگە قىلغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلدى. شېئىرىيىتىمىز مۇقام ئۈچۈن تېكىست بولدى.

مۇقاملىرىمىز شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ئاھاڭ بولىدى. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەدىبلىرىمىز ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەم مۇقامدا تەڭداشسىز ماھىرلاردىن ئىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، ئەدىبلىرىمىز ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر مېۋىلىرى ئارقىلىق كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ ئەسەرلەر ئەقىل-پاراسەتلىك ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆلمەس تۆھپىلىرىدۇر. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇزېي ۋە باشقا ئىلمىي ئورۇنلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قول يازما نۇسخىلىرى ساقلانماقتا. قەدىمكى پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مېۋىلىرى ھېسابلانغان ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پسىخولوگىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەتكە، پاك مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاق، خىسلەتلەرگە ۋە گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. مۇقامىمىز ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىقى، ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇ خىللىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشىپ، يۈكسەك ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلەيمىز، ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىمىز.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇرۇنقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن ئون ئىككى مۇقامنى 41 يىل جاپالىق ئىزدىنىش، ئىشلەش ئارقىلىق، قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىپ، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبىلىك تاماملاندى. ئون ئىككى مۇقام ئەنگلىيە، پاكىستان، گېرمانىيە، بېلگىيە، شۋېتسارىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭدا ئورۇندىلىپ، قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازاندى؛ چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى؛ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى 37 خىل گېزىت-ژۇرناللاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە ئوبزور ئېلان قىلىندى. بۇ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى رەتلەپ، نەشر قىلىش جەھەتتىمۇ بەزى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئالىمى، مۇتەپەككۇر شائىر، تىلشۇناسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشر قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ بىباھا قىممىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كۆپ تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىدىغان مەنبە بولۇپ قالدى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، «نىزارى داستانلىرى»، «زەلىلىي دىۋانى» ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «غەزەللەر»ى

ۋە «خەمسە»سى، مەشھۇرىنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «بۇلاق» ژۇرنىلى كلاسسىك ئەدەبىيات مەزمۇنلىرىنى قەرەللىك تونۇشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا كۆرۈنەرلىك تەسىر قوزغىدى. بىراق بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز يەنىلا تېخى ئېچىلمىغان زېمىن سۈپىتىدە تۇرماقتا. شۇڭا تىرىشچانلىقىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىزگە، تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئامان قالغان بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپلەپ قېزىپ، تەتقىق قىلىپ، نەشرگە تەييارلاپ ۋە نەشر قىلىپ، ئۇنى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزغا، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

8-بەش يىللىق پىلان ئىچىدە ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق تېكىستى بىلەن قايتا نەشر قىلدۇرۇپ، بىر-بىرلەپ سەھنىلەشتۈرۈپ، تېلېۋىزىيىگە، كىنوغا ئالدۇرماقچىمىز، ھەر بىر مۇقامغا بىردىن 12 ئوپېرا ئىشلەپ چىقىشنى پىلانلاۋاتىمىز. ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا 26 پارچە تەتقىقات كىتابى نەشر قىلدۇرماقچىمىز. مۇقام تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنى ئىلمىي سىستېمىغا سېلىش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن «مۇقام تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلماقچى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى كۆپلەپ قېزىپ چىقىپ، چەت ئەلدىكى قول يازمىلىرىمىزنىڭ فوتو سۈرەتلىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرماقچىمىز. كۆز ئالدىمىزدىكى 8-بەش يىللىق پىلان مەز-

گىلمىدە كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىن 30 تومنى
نەشىر قىلىشنى پىلانلاۋاتىمىز. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقا-
تىنى كۈچەيتىش ۋە بۇ جەھەتتىكى سەۋىيىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش، بۇ ساھەدە قابىل بىر تەتقىقات قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش
ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپ-
لىرىنى ئېچىپ، تەتقىقاتچىلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇش-
كۈل ۋە شەرەپلىك خىزمەتلەر كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا. شۇ
سەۋەبتىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى،
ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ تەشەب-
بۇسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقى-
قاتى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ فوندى
ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلدى. يۇقىرىدىكى تەتقىقات پىلانلىرى-
مىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ئومۇمىي ئىقتىسادى ۋەزىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاممىنىڭ
كۈچىگە تايىنىشنى مۇھىم دەپ قارايمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقاتى ۋە
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى فوندى ھەيئىتىمىز
جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان
بۇ بىباھا گۆھەرلەرنى قەدىرلىگۈچى ساپ نىيەتلىك، توغرا
سۆزلۈك، ئەقىل كۆزى يىراقنى كۆرىدىغان، مەدەنىيەت ئاش-
ناسى بولغان ئەزىز يارەنلىرىمىزگە، يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ
تارىختىكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن، تەۋەررۇك ئەدەبىي
مىراسلىرىدىن، سەنئەت خەزىنىلىرىدىن پەخىرلەنگۈچى، ئۇنى
ئاسراپ پەرۋىش قىلىشنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر
شەخس ۋە كوللېكتىپقا شۇنى مۇراجىئەت قىلىدۇكى، خەلقىمىزنىڭ
بۇ تەۋەررۇك ئەڭگۈشتەرلىرىنى پۈتكۈل خەلقى ئالەم ئالدىدا

تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇزۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىش، مەنىۋى جەھەتتىن قوللاش، ئىقتىسادىي جەھەتتە يار-يۆلەك بولۇش ھەممىمىزنىڭ ئۆز ئىشى، مىراسخورلۇق بۇرچىمىز، زىممىمىزدىكى ۋىجدانىي قەرزىمىز!

مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ پائال راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىزگە يار-يۆلەك بولغۇچى، سېخىيلىق، مەردانىلىك ۋە يۈكسەك ئالىيجانابلىق بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگۈچى، پۇل ئىئانە قىلغۇچىلارغا مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىمىز ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق رەھمەت ئېيتىدۇ. گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىدۇ. گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 56 كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگىمۇ كىرگۈزۈلىدۇ.

# ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيەت فوندى ھەيئىتىنىڭ يەكەن يىغىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مەزكۇر فوندى ھەيئىتى تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئىككى جەمئىيەتنىڭ ئون ئىككى مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئىسلاھات تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەتقىقات خىزمىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، زامانىمىز ئۈچۈن، رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مىللەتكە، خەلققە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش، خەلقىمىزنىڭ بۇ تەۋەررۈك ئەڭگۈشتەرلىرىنى پۈتكۈل خەلقى ئالەم ئالدىدا تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇزۇش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار-يۆلەكتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن تەسىس قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ خەزىنىسىگە قوشقان بىباھا گۆھەر مىراسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن تەسىس قىلىنغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1991-يىلى 8-ئايدىكى 107 نەپەر ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشقان ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر

كلاسسك ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ۋە كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ فوندى ھەيئىتى 87 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس، جامائەت ئەربابلىرى، پېشقەدەم تەتقىقاتچى ۋە تەتقىقات خادىملىرى، مۇناسىۋەتلىك نازارەت، ئىدارە، زاۋۇت، شىركەت، كارخانا، ئىجتىمائىي ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رەھبەرلىرىدىن تەسىس قىلىنغان. 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى ئۈرۈمچى خەلق سارىيىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى قېيۇم باۋۇدۇننىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلغان 258 كىشىلىك يىغىندا ئېلان قىلىنىپ ماقۇللانغان.

1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يەنە ئۈرۈمچى خەلق سارىيىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، قېيۇم باۋۇدۇن قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ۋە 375 نەپەر، ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، ۋالىي، ھاكىم، زاۋۇت، شىركەت باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار قاتناشقان فوندى توپلاش يىغىنىدا فوندى ھەيئىتىنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ 18 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن نىزامنامىسىنى، مۇراجىئەتنامە ۋە مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكىنى 2 ـ قېتىم ئېلان قىلىغاندا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ زور قوللىشىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىغا ئېرىشكەن.

ھەر مىللەت ئالىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاتنى ـ

شىشى بىلەن يەكەندە ئېچىلغان تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسىنى زور تەنتەنە بىلەن نامايان قىلدى. يىغىنىنىڭ پۈتۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە — «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەشكە، «ئىككىنچى قېتىملىق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا، ئون ئىككى مۇقام ئۇستازى شائىرە ئامانىنساخاننىڭ ھەيكىلىنى تىكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە كەتكەن پۈتۈن ئىقتىسادىي راسخود ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىنىڭ توپلىغان ياردەم پۇلىدىن خىراجەت قىلىندى.

ئۇيغۇر خەلقىدە «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنۇتما» دېگەن سۆز بار. 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەنتەنىسىگە قاتناشقان 50—60 مىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى، ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتتىكى 278 نەپەر ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، فوندى، ھەيئىتىنىڭ بارلىق مۇدىرىيەت ئەزالىرى، يەكەن يىغىنى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ماددىي جەھەتتىن بىزنى قوللىغان ھەر مىللەت خەلقىگە، ھەرقايسى نازارەت، ئىدارە، شىركەت، كارخانا، زاۋۇت، يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيەتلىرى، ئىشچىلار، ئۇيۇشمىلىرىغا، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

## ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە يەكەن يىغىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش، ئىلمىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش جەھەتلەردە زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇنى ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 40 يىلدىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان ھەرمىللەت ئالىم - مۇتەخەسسىس، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ، پېشقەدەم مۇقامشۇناسلارنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا دائىر قېزىش، يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي تۆھپىلىرىنىڭ نەتىجىسى.

1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرېھىم لىتىپ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، ئون ئىككى مۇقام

تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 286 نەپەر ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە پېشقەدەم بولداشلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئېچىلغان 1-قېتىملىق ئون ئىككى مۇقام قۇرۇلتىيىدا ئەتراپلىق كېڭىشىش، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى بارلىققا كەلدى. بۇ يىغىننىڭ 2-، 3-كۈنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 1-قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تۆمۈر داۋامەت: «ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غۇرۇرى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى. ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مىراستۇر» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۇا: «ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇشتىن مەقسەت ئون ئىككى مۇقامغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ، تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيادىكى، مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت، سەنئەت ئۈلگىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئون ئىككى مۇقامنى تېخىمۇ پارلاق دەۋر نۇرىنى چېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ: «ئازادلىقتىن كېيىنكى ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن

زور نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئالىملىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ھۆرمەت قىلىپ ۋارىسلىق قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى. بۇ يىغىندا ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرىدىن 37 كىشى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بۇ يىغىنغا بېغىشلاپ «شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمە خەۋىرى» دېگەن مەخسۇس بىر سان ژۇرنال چىقىرىلدى.

مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن گوۋۇيۈەن خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن بىرلىكتە ئىجتىمائىي ئىلمىي تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. بىز 1990 ـ، 1991 ـ يىللىرى شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە 1991 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، بۇ يىغىندا دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ـ كۇشادە غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق، مۇدىرىيەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتۇق. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

جەمئىيەت باشلىقى: تۆمۈر داۋامەت (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى)

مۇئاۋىن باشلىقى: مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل)

مەھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور)
جۇجىڭباۋ (تەتقىقاتچى)
ئەمەتجان (كاندىدات تەتقىقاتچى)
مەسلىھەتچىلەر:
قەييۇم تۇردى (1 - دەرىجىلىك يازغۇچى)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (تەتقىقاتچى)
ۋەن تۇڭشۇ (تەتقىقاتچى)
ئىمىن تۇرسۇن (تەتقىقاتچى)
ھۇسەنجان جامى (1 - دەرىجىلىك مۇزىكانت)
قاۋۇل تۇردى (2 - دەرىجىلىك مۇزىكانت)
باش كاتىپ:
قادىر ئىسمايىل (ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى)
مۇئاۋىن باش كاتىپلار:
ئىبراھىم پەخرىدىن (2 - دەرىجىلىك ئارتىس)
مامۇت قاسىم (2 - دەرىجىلىك مۇزىكانت)
مەمتىلى زۇنۇن (1 - دەرىجىلىك دراماتورگ)
دۇ شاۋيۈەن (دوتسېنت)
مەمتىمىن نورۇز (1 - دەرىجىلىك ئارتىس، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل)

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قارمىقىدا 21 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان ئىلمىي كومىتېت تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا قېيۇم تۇردى، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەت زۇنۇنلار مەسئۇل بولدى.

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشقا ئائىت بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ

000242 ـ نومۇرلۇق تىزىملاش گۇۋاھنامىسى بويىچە قانۇنلۇق ئىلمىي تەشكىلات ھېسابلاندى. بۇ 000242 ـ نومۇرلۇق تىزىملاش تەستىق گۇۋاھنامىسىدە تەتقىقاتچى مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىسى ۋە مەسئۇلى دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئەتراپلىق كېڭىشىپ، 8 ـ بەش يىللىق پىلان ئىچىدە ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

# ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى

**1. ماددا: خاراكتېرى**

جەمئىيەت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

جەمئىيەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات. جەمئىيىتىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاشقا ئائىت بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ 000242 - نومۇرلۇق تىزىملاش - تەستىقلاش گۇۋاھنامىسى بويىچە قانۇنلۇق ئىلمىي تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ.

**2. ماددا: مەقسىتى**

ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى خادىملىرىنى ۋە ئىشتىن سىرتقى خادىملارنى تەشكىللەپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، «ئىچىلىش - سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئون ئىككى مۇقام، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى شىنجاڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ قىم-

مەتلىك مەدەنىي مىراس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۈستىدىكى تەتقىقات پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش، ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇقام مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، يىپەك يولى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

3. ماددا: ۋەزىپىسى

1) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئىشىنى تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تارىخ، ئەدەبىيات، تىل، دىن، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل جەھەتلەردىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش.

2) ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇقام مەدەنىيىتىنى پائال تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىپەك يولىغا جايلاشقان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

3) ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دوستلۇقنى كۈچەيتىش.

4) ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تونۇشتۇرىدىغان كىتاب، نوتا، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مۇقام مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى تاللاپ نەشر قىلىش.

5) ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەر-

بىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەتىگە دائىر كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى كەڭ ـ كۇشادە توپلاپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقىش.

6) چەت ئەللەر بىلەن ئىلمىي تەتقىقات ئالماشتۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇش، تاشقى دوستلۇق ئالاقە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش.

### 4. ماددا: جەمئىيەت ئەزالىرى

مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىنى ھىمايە قىلىدىغان، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي پەن خىزمىتى خادىملىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى پېشقەدەم ۋە ياش مۇقام ھەۋەسكارلىرى ئۆزى ئىلتىماس سۇنۇپ، مۇدىرىيەت يىغىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن جەمئىيەتتىن چېكىنمەكچى بولسا، يازما دوكلات يېزىپ، جەمئىيەتكە مەلۇم قىلىپ قويسا بولىدۇ.

### 5. ماددا: جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقى

1) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىدۇ.

2) مەزكۇر جەمئىيەتتە، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

3) جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزلىرى يازغان ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسەرلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ئېلان قىلىش ۋە نەشر قىلىشىغا تاپشۇرسا بولىدۇ.

4) مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا تەكلىپ ۋە تەنقىد بېرىشكە بولىدۇ.

5) جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسىگە رىئايە قىلىش، جەمئىيەتنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش، جەمئىيەتنى ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ئەسەر ياكى مەخسۇس ئەسەر، ھەمدە باشقا مۇھاكىمە نەتىجىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش، جەمئىيەت ھاۋالە قىلغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ئورۇنداش لازىم.

6) جەمئىيەت ئەزالىرى جەمئىيەت تاپشۇرغان ئىلمىي ماقالە ۋە تەتقىقات پىلانىنى ياكى جەمئىيەت تاپشۇرغان جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەزىپىلەرنى ئىككى يىل ئۇدا قىلمىغان، ئەزالىق بەدىلىنى ئىككى يىل تاپشۇرمىغانلار ئۆزلۈكىدىن چېكىنگەن ھېسابتا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

### 6. ماددا: تەشكىلات ۋە پائالىيەت

جەمئىيەت ئەزالىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھەر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا كېچىكتۈرۈپ ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

### 7. ماددا: مۇدىرىيەت يىغىنى

1) مۇدىرىيەت يىغىنى جەمئىيەت ئەزالىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى سايلاپ چىققان مۇدىرىيەت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۆت يىلدىن بەش يىلغىچە بولىدۇ.

2) مۇدىرىيەت يىغىنى بىر نەپەر مۇدىرىيەت باشلىقى، بىر نەچچە نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى، بىر نەپەر باش كاتىپ، بىر نەچچە نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ سايلاپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك، جەمئىيەتكە پەخرىي رەئىس ۋە مەسلىھەتچىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. مۇدىرىيەت باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى،

كاتىبات باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كاتىبات باشلىقى جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

3) جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەت تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالمىسا ياكى جەمئىيەتتە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنىدا دېموكراتىك تەرتىپ بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسا ياكى ئالماشتۇرۇلسا بولىدۇ. بۇ كېيىنكى نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سۇنۇلىدۇ.

4) جەمئىيەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنىدا قارار قىلىپ، تەشكىللەپ ئۆتكۈزىدۇ.

## 8. ماددا: جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار

جەمئىيەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

## 9. ماددا: جەمئىيەت خىراجىتى

1) جەمئىيەت ئەزالىق بەدىلىدىن خىراجەت قىلىنىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش راسخوتىدىن چىقىرىدۇ.

3) ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى چىقىرىدۇ.

4) ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتى چىقىرىدۇ.

5) جەمئىيەت ئۆز ئالدىغا ئىقتىسادىي بازار قۇرۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭدىن كىرگەن كىرىمدىن خىراجەت قىلىدۇ.

# ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 9 - سانلىق كېڭەيتىلگەن يىغىن خاتىرىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، يەكەن يىغىنىنىڭ روھى بويىچە تۆۋەندىكى سەككىز مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى:

1) 2 - قېتىملىق ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 1990 - يىل 7 - ئايدىن 1992 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان تەييارلىق ئەھۋاللىرىنى ۋە يىغىن جەريانىدىكى خىزمەتلەرنى ئۈچ باسقۇچ بويىچە تەپسىلىي خۇلاسىلەپ، بۇ جەرياندا خىزمەت كۆرسەتكەن 13 نەپەر يولداشنى مۇكاپاتلىدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. دىلمۇرات
2. ئىبراھىم پەخرىددىن
3. ھۆسەنجان
4. مەمتىمىن نورۇز
5. قادىر ئىسمايىل
6. دۇ شاۋيۈەن
7. ئەخەت ھاشىم
8. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
9. ئەمەتجان
10. مامۇت قاسىم

11. ۋاڭ شۇليەن

12. قۇربان مامۇت

مۇدىرىيەت ئەزالىرى ۋە يىغىندا قاتناشقان بارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر يولداش مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپنىڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدىكى ئەمگىكىنى، 2 ـ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى جەريانىدىكى تەشكىللاتچىلىق ئەمگىكىنى بىر ـ بىرلەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى.

2) 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، رەئىس تۆمۈر داۋامەت، مۇئاۋىن رەئىس قېيۇم باۋۇدۇننىڭ، فېڭ داجىن ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ تەبرىك خېتى، مەمەت ئىسمايىل چوڭ يىغىندا يەتكۈزگەن سۆز، خەنلياڭ شۇجىننىڭ يىغىننى ياخشى ئېچىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا كىتاب چىقىرىش (بۇ كىتاب ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە چىقىرىلىدۇ).

3) دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ساۋات تەرىقىسىدە تارقىتىش ئۈچۈن، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دېگەن نېمە؟» دېگەن تېمىدا يەتتە مىڭدىن ئون مىڭ خەتكىچە بولغان، ئىلمىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنغان ئاساستا كىتاب چىقىرىش، بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە نەشىر قىلدۇرۇش، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەر ۋە ئورگانلىرىغا تەقدىم قىلىشتىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا سېتىش.

4) ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدا ھەر بىر مۇقامغا

بىردىن ئون ئىككى پارچە نوتىلىق كىتاب چىقىرىش. بۇ كىتابقا: ھەر بىر مۇقام ئۇچۇن يېزىلغان ئەسلى تېكىستىنىڭ يېڭىدىن ئۆزگەرتىلگەن تېكىستى، ئاددىي نوتىسى ۋە بەش سىزىقلىق خەلقئارالىق نوتىسى بېسىلىدۇ، ھەر بىر مۇقامغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمەن رەسىملەر بېرىلىدۇ. بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلمىي ماقالە ۋە باشقا ماتېرىياللار كىر- گۈزۈلمەيدۇ. بۇ كىتابلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە چىقىرىلىدۇ. بۇ ئون ئىككى پارچە كىتاب قاتتىق مۇقاۋىلىق بولۇپ، بىر كورۇپكىغا قاچىلىنىپ، بىر يۈرۈش بولىدۇ. بۇ كىتابنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا تەقدىم قىلىشتىن سىرت، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئۆز باھاسى ۋە قىممەت باھاسى بويىچە سېتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى 2 -، 3 -، 4 - ماددىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئى- يىتى نامىدىن چىقىرىلىدۇ.

5) ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ماتېرىيال مەركىزى قۇرۇش، تەييارلىق خىزمىتىنى ھازىر- دىن باشلاش، بىرىنچى باسقۇچتا بۇ ماتېرىيال مەركىزىنىڭ ۋەزىپىسى، نىشانى، خىزمەت دائىرىسى، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇ- رۇش توغرىسىدىكى پىلان، لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقىش. ئىك- كىنچى باسقۇچتا، قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش، ئون نەچچە قەۋەتلىك ماتېرىيال مەركىزى بىناسىنىڭ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. ئۈچىنچى باسقۇچتا، بۇ ئون نەچچە قەۋەتلىك مەركىزى بىنانىڭ پۇلىنى فوندى ھەيئىتىنىڭ ئىقتىسادىغا ۋە چەت ئەل مەبلىغى

بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرۇشقا يۈلىنىش. تۆتىنچى باسقۇچتا، بىنا پۈتكەندىن كېيىن، ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ماتېرىيال مەركىزى ھەم ئىلمىي پائالىيەت مەركىزى بولىدۇ.

6) «مۇقام تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنال چىقىرىشنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ نىزام- نامىسىگە كىرگۈزگەن، فوندى ھەيئىتىنىڭ مۇراجىئەتنامىسىدىمۇ قەيت قىلىنغان، 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى يەكەندە ئېچىلغان يىغىنىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت ۋە مۇئاۋىن رەئىس قېيۇم باۋۇدۇنلارنىڭ سۆزلىرىدىمۇ تەكىتلەنگەن. ھازىر بۇ ژۇرنالنى چىقىرىشقا ئىلمىي جەھەتتىن شەرت - شارائىتىمىز پىشىپ يېتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمىي جەمئىيىتىمىز بۇ ژۇرنالنى چىقىرىش توغرىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ئارقىلىق خەلق ھۆكۈ- مىتىگە ۋە ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىگە تەستىقلاپ بېرىش توغرىسىدا دوكلات يېزىشنى قارار قىلدى.

7) يەكەن يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىلەر ۋە ئامما ئوتتۇرىغا قويغان ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىنى «مۇقام بايرىمى» قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ۋە ئون ئىككى مۇقامنى مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈش توغرى- سىدىكى تەكلىپنى ئىلمىي جەمئىيىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق ئىج- تىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى ئارقىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە مائارىپ كومىتېتىغا تەكلىپ - ئىلتىماس يېزىش قارار قىلىندى.

8) ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيەت خىز- مەتلىرىنىڭ ئېدىيىۋىلىكى ۋە ئىلمىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسىنىڭ 5 -، 6 -، 8 - ماددىسىغا يېڭىدىن ئۈچ ماددىنى قوشۇش قارار قىلىندى.

يۇقىرىدىكى سەككىز مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەن يىغىنغا ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى مۇھەممەت ئىمىن بۇسۇپ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەھەممەت زۇنۇن، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئىلمىي جەمئىيەت قارمىقىدىكى ئىلمىي ھەيئەتنىڭ مۇدىرى قەييۇم تۇردى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇن سادىق قاتارلىق 37 نەپەر ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام
تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى

责任编辑：艾海提·阿西木
阿布都肉苏里·吾马尔
封面设计：安康

**新疆维吾尔自治区第二届维吾尔**
**十二木卡姆学术研讨会材料汇编**
十二木卡姆研究学会编印
新疆新华印刷厂印刷
〔内部资料准印证：（新出）1555号〕

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ھاشىم
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەن كاڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر
ئون ئىككى مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى

ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزۈپ باستۇردى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

(بېسىشقا رۇخسەت قىلىش قەغىزىنىڭ نومۇرى: 1655)